توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە ئـ
باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئەدەبىيات

10 ـ قىسىم

10

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



قاناس



سېلىم بوۋاينىڭ ھەيكىلى

توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە ئالتە يىللىق
باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئەدەبىيات

10 - قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

编　　者：沙达提·依　　ساﺋادەت ﺋىمىن　　تۈزگۈچى :
责任编辑：牙里坤·肉孜　　مەسئۇل مۇھەررىرى : يالقۇن روزى
责任校对：阿布都热依木·阿　　مەسئۇل كوررېكتورى :ﺋابدۇرېھىم ﺋا

九年义务教育六年制小学课本
语文
第十册
（维吾尔文）
*
شىنجاڭ ماﺋارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باستى
*
فورماتى : 1240×890 ، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى : 5.75
2005 - يىل 10 - ﺋاي 2 - نەشرى
2005 - يىل 10 - ﺋاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 909 176 — 1
ISBN7 — 5370 — 5933 — 0
باھاسى : 3.58 يۈەن G·2151(维课)

نەشر ھوقۇقى بىزدە ، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ .
بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ﺋالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ .
ﺋادرېس : ﺋۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - قورۇ
پوچتا نومۇرى : 830001 ؛ تېلېفون : 2863761 — 0991

# نەشرىياتتىن

بۇ دەرسلىك ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، باشلانغۇچ مەكتەپ «تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسى»نىڭ تەلىپى بويىچە نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن 1991 ـ يىلى تۈزۈپ چىقىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ «مىللىي تىل ـ يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋاقىتلىق گۇرۇپپىسى» تەكشۈرۈپ چىقىپ، شۇ يىلىدىن باشلاپ «سىناق دەرسلىك» قىلىپ قوللىنىشنى بېكىتكەن.

بۇ دەرسلىك 1991 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق سىستېمىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئىزچىل قوللىنىلىپ، ئەۋلادلارنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە ئۆز رولىنى كۆرۈنەرلىك جارى قىلىپ كەلدى.

بۇ قېتىم ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەتقىقاتچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بۇ دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى، ئىلمىيلىقى، ئىدىيۋىلىكى ۋە سىستېمىسىنىڭ شۇ يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقى ھەققىدە يەتكۈزگەن پىكىر ـ تەلەپلەر ئاساسىدا تۈزىتىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر تۈزىتىلدى. شۇنداقلا، ساپا مائارىپىنىڭ ۋە يېڭى دەرس ئىدى-

يىسىنىڭ تەلپىگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە لايىقلاشتۇرۇ-
لۇپ ، قۇرۇلما ، مەزمۇن ۋە كۆنۈكمە سوئاللىرى مەلۇم
دەرىجىدە تەڭشەلدى . بۇ ئارقىلىق كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇ-
غۇچىلارنى ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپى ۋە يېڭى دەرس ئۆلچىمى-
سى بويىچە تۈزۈلگەن تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرى بىلەن
رەسمىي ئۇچراشقاندا تېز ماسلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلىش مەقسەت قىلىندى .

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى
2005 - يىل 10 - ئاي

# مۇندەرىجە


* 1 . نورۇز قوشىقى ........................................ 1
2 . قارلىغاچلار ........................................ 4
3 . باش ئەتىياز ........................................ 8
بىرىنچى مەشىق ........................................ 11
4 . جىنخۇادىكى قوش ئەجدىھا غارى ........................ 15
5 . قاناس كۆلى ........................................ 20
* 6 . دولان راۋابى ........................................ 24
7 . سېلىم بوۋاينىڭ ھەيكىلى ........................................ 27
يېزىقچىلىق
ئەسەر تەرتىپىنى بىلىۋېلىش لازىم ........................ 36
ئىككىنچى مەشىق ........................................ 39
8 . لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى تېزلىكتە ئېلىش ........................ 42
* 9 . ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە ........................................ 49
10 . يامغۇر يېغىش ئالدىدا ........................................ 57
يېزىقچىلىق
ۋەقەلىكنى راۋاجلىنىش تەرتىپى بويىچە يېزىش ........................ 60
ئۈچىنچى مەشىق ........................................ 64
11 . بۆدۈنە ........................................ 68
12 . قۇشلار جەننىتى ........................................ 79

يېزىقچىلىق
تىنچ ھالەت ۋە ھەرىكەتچان ھالەت........................ 85
تۆتىنچى مەشىق ........................................ 89
13 . سۇغا سەكرەش .................................... 92
14 . يىلان ۋە زىرائەت .................................. 98
15 . كۆكلىگەن ئۇلاق .................................. 102
يېزىقچىلىق
شەيئىلەرنىڭ باغلىنىشىغا دىققەت قىلىش لازىم....... 113
بەشىنچى مەشىق ...................................... 116
16 . چۇجە بىلەن سېغىزخان............................. 120
ئالتىنچى مەشىق ...................................... 124
17 . قېيىققا قارانچۇق سېلىپ يا ئوقى يىغىش ... 129
يېزىقچىلىق
ۋەقەلىكنىڭ ئالدى ـ كەينى ، سەۋەب ـ نەتىجىسىنى
ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم............................ 137
يەتتىنچى مەشىق ...................................... 140
18 . تۇنجى قەلەم ھەققى ............................... 144
* 19 . ئانا تىلىم ..................................... 150
20 . لۇغەت سېتىۋېلىش ................................ 153
سەككىزىنچى مەشىق .................................. 169
سۆزلەرگە ئىزاھات...................................... 174

«*» بەلگىسى قويۇلغانلىرى مۇستەقىل ئوقۇش تېكستلىرى .

Okioli Jinom

# *1 . نورۇز قوشىقى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ،
سىزگە بولسۇن قۇتلۇق كۈن .

پەسلى جاھان ھوت[1] كەلدى ،
جۇتلار ئۆتۈپ قۇت كەلدى .

نورۇز كەلدى نۇر بولدى ،
ھەممە جانلىق ھۆر بولدى .

ھەي خالايىق شادلىنىڭ ،
كەسىپ - كارغا ئاتلىنىڭ .

ھەمەل[2] دە بىلىپ ھەپتىنى ،
ئۇتۇپ نورۇز پەيتىنى .

ئەمىلىڭ بولسۇن ساۋاب ،
ئەجدادلارنى قىل تاۋاپ .

دېھقان دەرھال كەتمەن ئال ،

---

① ھوت — شەمسىيە يىل ھېسابىغا خاس ئاتالغۇ . مىلادىيە ھېسابىدا 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە قەدەر بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ .

② ھەمەل — شەمسىيە يىل ھېسابىغا خاس ئاتالغۇ . مىلادىيە ھېسابىدا 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگە قەدەر بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ .

يەرگە ساپان ، سۆرەم سال .

چەش دۆۋلەنسۇن خامانغا ،
بۇغداي تولسۇن باداڭغا .

باغۋەن بولساڭ باغ - باغ قىل ،
باغدىن رىزقىڭنى تاغ قىل .

مالچى كۆپلەپ تۆل ئالغىن ،
سۇت - قايماقنى مول ئالغىن .

بابكار بولساڭ يىپ ئولغا ،
بۆز - چەكمەننى خوپ تولغا .

تۆمۈرچى تاۋلا كەتمەننى ،
تاپ ھۈنەرگە زوقمەننى .

ئاشپەز بولساڭ تەملىك قول ،
غەللىدە بولۇر كۆپ پۇل .

زەرگەر كۆرسەت ھۈنەرنى ،
قېتىش قىلما مىس - زەرنى .

تىجارەتچى سەپەر قىل ،
هارام مالدىن ھەزەر قىل .

هاكىم بولغىل دادىخاھ،[1]
ئەلگە دائىم خەيرىخاھ.

ئۆم بولايلى خالايىق،
قىلمايلى ئىش نالايىق.

يۇرتىمىز بولغاي ئاۋات،
مەئىشەت توق، كۆڭۈل شاد.

## كۆنۈكمە

1. خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ بولغان بۇ نو-رۇز قوشىقىنى ھېسسىياتلىق، توغرا، راۋان ئوقۇڭ.

2. سىز نورۇز بايرىمىغا ئائىت قانداق شېئىر ـ قوشاقلارنى بىلىسىز؟ ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئوقۇپ بېرىڭ.

3. خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى باھار بايرىمى — نورۇز بايرىمى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىزدەپ چۈشىـ-نىۋېلىڭ.

قۇتلۇق قۇت نورۇز ساۋاب ساپان تۆل

بابكار غەللە مەئىشەت چەش

① دادىخاھ — توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشى دادخاھ. (1) ئەرز ـ داد ئىشتكۈچى (2) ئەرز ـ داد ئېيتقۇچى (3) ئەرز ـ شىكايەت ئېيتىلىدىغان ئورۇن.

Okioli

# 2 . قارلىغاچلار

پۈتۈن ئەزايى پارقىراق قاپقارا پەيلىك ، ئەپچىل قاناتلىق ، ئاچىماق قۇيرۇقلۇق شوخ ۋە ئويناق قارلىغاچلار يۇرتىمىزغا كەلدى .

باھار پەسلى ، ئاپرېلنىڭ ئاخىرلىرىدا بىرقانچە قېتىم سىم - سىم يامغۇر يېغىپ ئۆتتى . مەيىن شامال مىڭلىغان ، تۈمەنلىگەن تال چىۋىقلارنى سۆيۈپ ئۆتۈپ ، ئاچ يېشىل بىخلارنىڭ كۆزىنى ئاچتى . ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ، باشلىرىنى كۆتۈردى . يېشىل يوپۇرماقلار ، قىزىل ، ھال ، سېرىق چېچەكلەر بەس - بەس بىلەن باھارنى قارشى ئېلىپ ، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك باھار مەنزىرىسى



پەيدا قىلدى . شوخ ۋە ئويناق قارلىغاچلارمۇ جەنۇبتىن قايـ-
تىپ كېلىپ ، گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن باھارغا تېخىمۇ
ھۆسن قوشۇپ ، گۈزەللىك بېغىشلىدى .

مەيىن شامالدا ، قۇياش نۇرىدا قارلىغاچلار ئاچماق
قۇيرۇقلىرىنى ئوينىتىپ ، زۇمرەت ئاسماندا يانچە بولۇۋې-
لىپ ، ئۇياقتىن بۇياققا غۇيۇلداپ ئۇچاتتى . ۋىچىر - ۋىچىر
قىلىشىپ ، شاللىقلارنىڭ ، باغلارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆ-
تۈپ ، دەرەخلەرنىڭ ئېگىز شاخلىرىغا قوناتتى . بىرنەچچە
قارلىغاچ دولقۇنلار جىمىرلاپ تۇرغان كۆل يۈزىنى چىراي-
لىق ئۇچقۇر قاناتلىرى بىلەن لىك ـ لىك ئۇرۇپ ، سۇ
يۈزىدە يۇپيۇمىلاق چەمبەرلەرنى پەيدا قىلىپ ئوينايتتى .

بىرنەچچە جۈپ قارلىغاچ ئۇچىۋېرىپ زېرىكتى بولغاي ،
سىم تانابقا قونۇۋاپتۇ . شۇ تاپتا ئاسمان سۈپسۈزۈك ، ئاس-
ماننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن سىم تانابلار بەش سىزىق-
لىق نوتىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ ھە ! قاراڭ ، ئۇلارغا



قونۇۋالغان بۇ قارلىغاچلار نوتا چېكىتلىرى بولۇپ ، باھار كۈيىگە جور بولۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان ئوخشىمامدۇ ؟ !

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنىڭ ھەربىر ئابزاسىدا قارلىغاچلارنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى سۆزلەنگەن ؟

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭ . ئاندىن تېكىستتىن شۇ مەزمۇندىكى جۈملىلەرنى تېپىپ سىلىشتۇرۇڭ ، قايسى جۈملىلەرنىڭ ياخشى يېزىلغانلىقىنى ، قەيېرى ياخشى يېزىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

1 ) ئاپرېلنىڭ ئاخىرلىرىدا ، بىرقانچە قېتىم يامغۇر ياغدى . شامال چىقىپ ، دەرەخلەر بىخ چىقاردى . ئوت ـ چۆپ ، يوپۇرماق ، چېچەكلەر ئېچىلىپ ، باھارنى شەكىللەندۇردى .

2 ) قارلىغاچلار ئاسمان بوشلۇقىدا ئۇياقتىن بۇياققا ئۇچاتتى .

3 ) بىرنەچچە جۈپ قارلىغاچ زېرىكىپ قالغاندەك سىم تانابقا قونۇۋاپتۇ .

3 . بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ .

1 ) شوخ ۋە ئوماق قارلىغاچلار (           ) قايتىپ كېلىپ ، گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن (           ) تېخىمۇ (           ) قوشۇپ ، (           ) بېغىشلىدى .

2 ) بىرنەچچە قارلىغاچ دولقۇنلار (           ) تۇرغان كۆل يۈزىنى (           ) قاناتلىرى بىلەن (           ) ئۇرۇپ ، سۇ يۈزىدە (           )

چەمبەرلەرنى پەيدا قىلىپ ئوينايتتى .

4 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭ .

ئويناق    سىم - سىم يامغۇر    مەيىن شامال

زۇمرەت ئاسمان    غۇيۇلداپ ئۇچۇش    جىمىرلاش

لىك - لىك ئۇرۇش

# 3 . باش ئەتىياز[1]

ئاقتى ئەگىز ، كەلدى كۆكلەم ، كەتتى ئاياز ،
تۇرنىلارمۇ توي تارتىشىپ قىلدى پەرۋاز .
تەندە ھۇزۇر ، زوق قوزغىتىپ ، يەر ئويغىتىپ ،
جىلۋە قىلىپ كەلمەكتە بۇ باش ئەتىياز .

ئۆرۈك ، ئالما ، شاپتۇل بىلەن چېچەك - چوكان
يېزىلارنى ياساندۇرۇپ ، قىلماقتا ناز .
بوستاندا گۇل ، شاختا بۇلبۇل ، شاد قىز - ئوغۇل ،
سايدا تورغاي ، تۇمۇچۇقلار چالماقتا ساز .



① بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى ئەرشىدىن تاتلىق (1927—1998 - يىللار) .

باغدا كاككۇك ، تاغدا كەكلىك ، چىل ، قىرغاۋۇل
سايراشلىرى دەيدۇ : «كۆكلەم پەسلى بەك ساز !...»
بوتا كۆزلۈك كېيىك ، بۇغا ، ئارقار ، مارال
ئايىغىغا يايدى يايلاق گۈل پاياندار .
قوي قوزىلاپ ، ئات قۇلۇنلاپ ، تۆگە تايلاق ،
كەڭ دالادا چېپىشماقتا ، ھەر چەۋەنداز .
بۇلدۇقلىغان بۇلاقلاردا ئويىنار بېلىق ،
شىر - شىر قىلىپ ئاققان سۇلار دەر : «ئېرىق قاز !...»
قىردا چۇقان ، خۇددى ۋولقان ، قىزغىن ئەمگەك ،
ئېتىزدا ئىش ، دېھقان يەنە بولدى سەرۋاز .
چاتقاللاردا توشقان ، دوغداق شوخ چېپىشار ،
كۆلدە ئاق قۇ ، سازدا ئۆردەك ، ئۈزمەكتە غاز .
گۈزەل كۆكلەم ، ھۆسنىڭگە مەن شۇنچە خۇشتار ،
تەشنالىقىم قىستاپ مېنى دېگەچكە : «ياز !»
مىسرالاردىن مەرۋايىتتەك بېزەك ياساپ ،
سوۋغا قىلدىم ، بوينۇڭغا ئاس ، دېمەڭىز ئاز !

### كۆنۈكمە

1 . شېئىرنى ھېسسىياتلىق ، راۋان ، توغرا دېكلاماتسىيە قىلىڭ .

2 . شېئىردىكى جانلاندۇرۇش ۋە ئوخشىتىشلارنى تېپىڭ ، ئۇلارنىڭ شېئىرغا قانداق گۈزەللىك بەرگەنلىكى ۋە مەزمۇننى قانداق روشەنلەشتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

3 . شېئىردا نامى ئاتالغان جان - جانىۋارلاردىن سىزگە ناتونۇش بولغانلىرىنى تاللاپ يېزىڭ . ئاندىن ساۋاقداش-

لىرىڭىز بىلەن بىرلىكتە ماتېرىيال ئاختۇرۇپ، رەسىملە-
رىنى، چۈشەندۈرۈشلىرىنى پىششىق بىلىۋېلىڭ.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ.

ئاياز، جىلۋە، چەۋەنداز، سەرۋاز، ۋولقان

5. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، تەسۋىرىي جۈملە تۈزۈڭ.

مەخمەلدەك ماموقتەك ئالتۇندەك مەرۋايىتتەك

خۇددى ئوخشاش گويا

6. شېئىرنى يادلىۋېلىڭ.

## بىرىنچى مەشىق

1 . بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقلىرىنى تاللاپ ، ياخ-
شى ئويلىنىپ ، بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ .

ئېگىز ، شاۋقۇنلۇق ، ئىللىق ، رەڭگارەڭ ، زۇمرەت-
تەك ، مەيىن

| | |
|---|---|
| ( ئىللىق ) باھار كۈنلىرى | ( ئېگىز ) بىنا |
| ( شاۋقۇنلۇق ) دەريا ئېقىنى | ( رەڭگارەڭ ) گۈللەر |
| ( زۇمرەتتەك ) بولاقلار | ( مەيىن ) شامال |

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭ ، ھەربىر گۇرۇپپى-
دىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىدە قانداق ئوخشىماسلىق بارلى-
قىغا دىققەت قىلىڭ ، ئۆزىڭىز مۇشۇ شەكىلدە ئىككى گۇ-
رۇپپا جۈملە تۈزۈڭ .

1 ) بۇ ، تاغ باغرىغا جايلاشقان ئادەتتىكى بىر ئۆي .
بۇ ئادەتتىكىچە بىر ئۆي .
بۇ بىر ئۆي .

2 ) بىزنىڭ كۆرگىنىمىز دەل ئاشۇ ئادىل .
بىزنىڭ دەرەخ تۈۋىدە كۆرگىنىمىز ، دەل ئاشۇ ئادىل .
بىزنىڭ دەرەخ تۈۋىدە كۆرگىنىمىز ، كىيىملىرىنى تۈ-
زەشتۈرۈۋاتقان دەل ئاشۇ ئادىل .

3 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭ . تەبىئەتتە بىرىنىڭ
كەينىدىن بىرى بولۇۋاتقان قايسى ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق
قايسى پەسىل تەسۋىرلەنگەن ؟ تەسۋىرىي سۆزلەرنى ۋە جۈم-

لىلەرنى تېپىپ دەپتىرىڭىزگە كۆچۈرۈۋېلىڭ ھەمدە رەسىم-
گە بىرلەشتۈرۈپ ، ئۆز سۆزىڭىز بويىچە بايان قىلىپ بې-
رىڭ .

قىش پەسلى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئاخىرقى ھەپتىلەر-
گىچە ھاۋا ئوچۇق ۋە سوغۇق بولۇپ تۇردى . كۈندۈزى ئاپتاپنىڭ
ئىسسىقىدا قار ئېرىپ ، كېچىلىرى سوغۇق نۆلدىن تۆۋەن يەتتە گرا-
دۇسقىچە يەتتى . ھەممە يەرلەر مۇز ۋە تېيىلغاق بولۇپ قېتىپ كەتتى .

كېيىن ، تۇيۇقسىزلا ئىللىق شامال چىقتى . بۇلۇتلار ئۇيناقلى-
شىپ ، تۈرۈلۈپ يىغىلدى . شامال بىلەن بىللە يامغۇر ياغدى . شامال
بېسىلىپ ، ھاۋانى قويۇق تۇمان بېسىپ كەتتى . مۇزلار ، قارلار ئې-
رىپ ، ھەر تەرەپتىن ئەگىزلەر ئېرىق - ئېرىق بولۇپ ئاققىلى باشلى-
دى . بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن ، يەرنىڭ يۈزى تاغىل - تاغىل
بولۇپ ئېچىلدى .



تۇمان بېسىلدى ، بۇلۇتلار ھەر تەرەپكە تارقاشتى . ھاۋا ئىس-سىپ ، قالغان - قاتقان توڭلار ، مۇزلار ئەتىگەنكى كۈننىڭ تەپتىدىن ئېرىگىلى باشلىدى . يەردىن چىققان ھورلار يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ، نەم توپىنىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلماقتا ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ، دۆڭلەردە ئاقىرىپ ئېچىلغان كۈچۈلا گۈللىرى كۆرۈندى ، ئوتلار كۆكىرىپ ياشىرىپ كەتتى . تاللار بىخ سۈرۈپ چوكانلىدى . باللار تاللاردىن پىپى ياساپ ئويناشتى . بالدۇر ئېچىلىدىغان گۈللەرنىڭ ئۈستىدە ھە-سەل ھەرىلىرى غوڭۇلدىشىپ ئۇچۇشقا باشلىدى .

ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە تورغايلار ۋىچىرلىشىپ ، ئۇچۇشۇپ يۈرىدىغان بولدى . ئېگىز ئاسماندا قاتارلىشىپ تۇرنىلار ، ياۋا غازلار ، قاقىرلار «قىرىق - قىرىق» قىلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى . دالىلاردىكى ماللاردا ھەر قىسما مۆرەش ، مەرەشلەر كۆپەيدى . قوزا ، ئوغلاق ، موزايلار قىيغىتىشىپ ئوينايدىغان بولدى .

يوگۇرۇك باللار قۇرۇپ قاتقان يوللاردا تال چىۋىقنى ئات قىلىپ چېپىشىپ كەتتى .

4 . ئەتراپىڭىزدىكى ئۆزىڭىزگە تونۇش بولغان بىرەر قۇش (ھايۋان) نى تەپسىلىي كۆزىتىڭ . ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتقان ھالدا ، ئالدى بىلەن كونكرېت سۆزلەپ ، ئاندىن تەرتىپلىك يېزىپ چىقىڭ .

5 . تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ ، ھەربىر تۈركۈمگە كىرگۈ-دىغان سۆزلەردىن قانچىنى بىلسىڭىز شۇنچىنى يېزىڭ .

1 ) ئۇچار قاناتلار : بۇلبۇل ، كەپتەر ، كاككۇك ، بۆر-كۈت ...

2 ) ياۋايى ھايۋانلار : يىلپىز ، بۆرە ، يولۋاس ، شىر ، ئېيىق ...

3 ) زىرائەتلەر : بۇغداي ، قوناق ، قىچا ...

4 ) مېۋىلىك دەرەخلەر : ئالما ، ئۆرۈك ، ئەينۇلا ، ئا-

لوْچا …
5 ) گۈللەر : ئەتىرگۈل ، سەبدە ، مۇدەنگۈل …
6 ) ئوقۇش قوراللىرى : كىتاب ، دەپتەر ، قەلەم …
7 ) دېھقانچىلىق قوراللىرى : كەتمەن ، گۈرجەك ، ئو-
تىغۇچ …
8 ) كۆكتاتلار : سەۋزە ، پىياز ، كاۋا …
9 ) ئۆي هايۋانلىرى : قوي ، كالا ، تۆگە …
10 ) ئۆي سەرەمجانلىرى : كارىۋات ، ئىشكاپ ، قازان…

## 4 . جىنخۇادىكى قوش ئەجدىھا غارى[①]



يې شېڭتاۋ

14 ـ ئاپرېل كۈنى مەن جېجياڭ ئۆلكىسى جىنخۇا شەھىرىدە، شىمالىي تاغدىكى قوش ئەجدىھا غارىنى ساياھەت قىلدىم.

جىنخۇا شەھىرىدىن چىقىپ، بەش كىلومېتىرچە مېڭىپ، لودىيەنگە كەلدۇق. لودىيەندىن ئۆتۈپلا ئاستا ـ ئاستا تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتۇق. تاشيول تاغنى بويلاپ يۇقىرى ئۆرلەيدىكەن. تاغنىڭ ھەممىلا يېرىدە كاككۇكگۈلى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ گۈلىمۇ، يوپۇرمىقىمۇ تەشتەكتە ئۆستۈرۈلگەن كاككۇكگۈلىدىن چىرايلىق ئىدى. ئۇ يەردە بىر تۈپ، بۇ يەردە بىر تۈپ ئۆسكەن مايلىق پالمىمۇ راسا چېچەكلەۋېتىپتۇ. تاغنىڭ قۇمساڭغۇ توپىسى ھال رەڭدە

① بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى يې شېڭتاۋ (1894—1989 ـ يىللار).

بولۇپ ، بۇنى باشقا يەردە كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن . ھال رەڭلىك تاغ رەڭمۇرەڭ ئېچىلغان گۈللەرگە ، قېنىق ياكى ئاچ يېشىللىقلارغا پۈركەنگەن بولۇپ ، ھەر ۋاقىت كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى .

يول بويى سۇغا قارشى ماڭدۇق . تاغنىڭ تۈزۈلۈشىگە بېقىپ ، تاغ سۈيى بەزىدە تارىيىپ ، بەزىدە كېڭىيىپ ، گاھىدا ئاستا ، گاھىدا ئىتتىك ئاقاتتى . سۇنىڭ شاۋقۇنىمۇ ھەردائىم مۇقامىنى ئۆزگەرتىپ تۇراتتى . تاغ ئارىسىدا بەش كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن ، قوش ئەجدىھا غارىنىڭ ئاغزىغا كەلدۇق . ھېلىقى ئېقىن سۇ مۇشۇ غاردىن چىقىۋاتقانىكەن .

غار ئاغزىدا تۇرۇپ يۇقىرىغا قارىسىڭىز ، تاغلار كۆككە تاقىشىپ ، ئورمانلار بۇكىدە باراقسانلىشىپ ، بەكمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى . غار ئاغزى كۆۋرۈك ئەگمىسىدەك بولۇپ ، ناھايىتى كەڭ ئىدى . ئىچىگە كىرسىڭىز ، خۇددى بىر چوڭ مەجلىسخانىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز ، ئەتراپىڭىز تاش تام ، ئۈستىڭىز تاش تورۇس ، ئۇ يەرگە ئالاھەزەل 800 دىن 1000 غىچە ئادەم يىغىلىپ يىغىن ئاچسا ، قىستا - قىستاڭچىلىق ھېس قىلمايتتى . بۇلاق سۈيى غارنىڭ ئوڭ تەرىپى ئارقىلىق سىرتقا ئېقىپ چىقاتتى . مانا بۇ ، تاشقى غار .

تاشقى غاردىن بۇلاق سۈيى ئېقىپ كېلىۋاتقان يولنى ئىزدىسىڭىز ، ئەسلىدە ئۇ سول تەرەپتىكى تاش تامنىڭ ئاستىدىكى يوچۇقتىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز ، ئۇ يوچۇق دېيىلگىنى بىلەن ، ئۇنىڭغا بىر كىچىك قېيىق پېتىپ كېتەتتى . قانچىلىك چوڭلۇقتىكى قېيىق دېمەمسىز ؟ ئىك-

ـكى ئادەم ئۆڭدىسىغا قاتار ياتالايدىغان قىيىق . قىيىقنىڭ ئىككى بېشىغا ئارغامچا باغلانغان بولۇپ ، باشقۇرۇش ئورنىـ ـدىكى ئىشچىلاردىن بىرى ئالدى بىلەن ئىچكى غارغا كىـ ـرىپ ، ئارغامچىنى تارتسا ، قىيىق يېنىپ چىقاتتى . مەن بۇنىڭغا قىزىقىپ ، ئۆزۈم يالغۇز بىر قىيىقتا ئوڭدىسىغا ياتتىم ، ئۆزۈمچە بېشىمدىن تارتىپ تاپىنىمغىچە ھەممە يېـ ـرىم قىيىققا تەكشى تەگدى ، دەپ ھېسابلىغان چاغدىلا «بولـ ـدى» دېدىم . قىيىق ئاستا قوزغالدى ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇـ لاشقىلى تۇردى . ئوڭ ، سول ۋە ئۈستۈمدىكى قورام تاشلار مېنى قىستاپ ، بېسىپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم . مەن يەنە ، بېشىمنى سەللا كۆتۈرىدىغان بولسام ، پېشانەم سۈرۈـ لۈپ ، بۇرنۇم مىجىلىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلدىم . بەشـ ئون مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن قۇرۇقلۇققا چىقتىم . مانا بۇ ، ئىچكى غار ئىدى .

ئىچكى غار قاپقاراڭغۇ بولۇپ ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى . ئىشچىنىڭ قولىدىكى پانارمۇ كىچىككىنە دائىـ ـرىنى يورۇتالايتتى ، قالغان يەرلەر قاراڭغۇ پېتىچە تۇرغاچـ قا ، غارنىڭ قانچىلىك كەڭلىكتە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولـ ـمايتتى . ئىشچى پانارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، غار ئىچىدىكى مەنزىرىلەرنى بىرمۇبىر كۆرسەتتى . ئالدى بىلەن ، ئەلۋەتـ ـتە ، غارنىڭ تورۇسىدا سوزۇلۇپ ياتقان بىرى سېرىق ، بىرى كۆك قوش ئەجدىھانى كۆرسەتتى . مەن ئۇنىڭغا قاردـ ـسام راستتىنلا ئەجدىھاغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن . ئۇنىڭـ ـدىن كېيىن ، بىرمۇنچە ستالاگتىت تېشى بىلەن تاش بامـ ـبۇكلارنى كۆردۈم . بۇنى بىرنېمە ، ئۇنى بىرنېمە دەپ ، ئۇلارنىڭ شەكلىگە ئاساسەن پەرەز قىلىنىپ قويۇلغان پەـ

رىشتە ، ھايۋان ، ئوردا ۋە قاچا ــ قۇچا دېگەندەك 40 نەچچە خىل نەرسىنىڭ نامىنى ئېيتتى . بۇلارنىڭ شەكلى خىلمۇ-خىل ، رەڭلىرىمۇ بىر ــ بىرىگە ئوخشىمايتتى ، ھېچنېمىگە ئوخشىمىغان تەقدىردىمۇ ، بىر كۆرۈپ زوقلىنىشقا ئەرزىيتتى .

غاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ ، ئىچكى غارنىڭ تاشقى غاردىن خېلىلا چوڭلۇقىنى ھېس قىلدىم ، ئۇن ئېغىز ئۆينىڭ چوڭلۇقىدەك كېلەرمىكىن دەيمەن . بۇلاق سۈيى ئوڭ تەرەپتە شىلدىرلاپ ئاقاتتى . ئۇنىڭ مەنبەسى قاپقاراڭغۇ غارنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىدە بولسا كېرەك .

مەن نۆۋەت كۈتۈپ تۇردۇم ، كىچىك قېيىقتا يەنە ئوڭدىسىغا يېتىپ ، غاردىن قايتىپ چىقتىم .

## كۆنۈكمە

1 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تېكىستكە بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىڭ .

ساياھەت قىلىش    قۇمساڭغۇ توپا    دەرمەھەل
گاھىدا    شاۋقۇن    كۆككە تاقاشقان    بۈككىدە
باراقسانلاشقان    ھەيۋەتلىك    ئالاھەزەل    يوچۇق    مەنبە

2 . ئاپتور جىنخۇادىن قوش ئەجدىھا غارىغا بارغىچە نېمىلەرنى كۆردى ، نېمىلەرنى ئاڭلىدى ؟ كېيىن ، غارنىڭ ئاغزىدا ، تاشقى ۋە ئىچكى غاردا يەنە نېمىلەرنى كۆردى ، نېمىلەرنى ئاڭلىدى ؟

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە دىققەت قىلىڭ ، ئاندىن ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن

پايدىلىنىپ شۇ شەكىلدە جۈملە تۈزۈڭ .

1 ) تاغنىڭ ھەممىلا يېرىدە كاككۇكگۈلى ئېچىلىپ كېتىپتۇ ، ئۇنىڭ گۈلىمۇ ، يوپۇرمىقىمۇ تەكشتەكتە ئۆستۈ- رۈلگەن كاككۇكگۈلىدىن چىرايلىق ئىدى .

2 ) تاغنىڭ تۈزۈلۈشىگە بېقىپ ، تاغ سۈيى بەزىدە تارىيىپ ، بەزىدە كېڭىيىپ ، گاھىدا ئاستا ، گاھىدا تېز ئاقاتتى .

3 ) بۇلارنىڭ شەكلى خىلمۇخىل ، رەڭلىرىمۇ بىر- بىرىگە ئوخشىمايتتى ، ھېچنېمىگە ئوخشىمىغان تەقدىرىمۇ ، بىر كۆرۈپ زوقلىنىشقا ئەرزىيتتى .

4 . بۇ تېكىست قانداق تەرتىپ بويىچە يېزىلغان ؟ ئاپ- تور ئالدى بىلەن نېمىنى ، كېيىن نېمىنى يازغان ؟



## 5 . قاناس كۆلى

( قاناس — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئالتاي تېغىغا جايلاشقان . ئۇ تەبىئىي مەنزىرىدىلىك گۈزەل جاي بولۇپ ، تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىزلىكتە قاناس كۆلى بار . كۆل ناھايىتى گۈزەل ۋە سىرلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ شىمالى ئادەم ئايىغى تەگمىگەن بىپايان تۈزلەڭلىك ئىكەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، قاناس كۆلىدە ناھايىتى يوغان سۇ مەخلۇقى بارمىش . )

قاناس كۆلى ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر ، كەڭلىكى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان سوزۇنچاق كۆل بولۇپ ، تىپتىنچ كۆل سۈيىگە قارىغايلار ۋە ئېگىز تاغلار



ساية تاشلاپ تۇرىدۇ. كۆلنىڭ ئەتراپى بۈككىدە ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، قارىغاي ۋە شەمشادلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بەزى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى سۇ يۈزىگە تېگىپ تۇرىدۇ، بەزى دەرەخلەر سۇ يۈزىدە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سۇ مەخلۇقى گاھىدا كۆرۈنۈپلا غايىب بولىدىكەن. بەزىلەر ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىر، ئېغىرلىقى ئىككى-ئۈچ توننا كېلىدىغان سۇ مەخلۇقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنمىش، ئۇلار ئۇنى يوغان قىزىل بېلىق (ئىلمىي ئاتىلىشى سالمۇ بېلىقى) بولسا كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلىشقان. ئۆزىنى تاسادىپىي كۆرسىتىپ قويۇۋاتقان بۇ زور مەخلۇق تا ھازىرغىچە بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا.

قاناسنىڭ ئىقلىمى تولىمۇ ئۆزگىچە ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇپ، تومۇز ئىسسىق بولىدىغان ئىيۇل ئېيىدىن باشلاپ ئۈششۈك چۈشۈپ، ئاينىڭ ئاخىرىدا مۇز توڭلايدىكەن. بۇ ئارىلىقتا دائىم گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، مۆلدۈر يېغىپ تۇرىدىكەن. سېنتەبىردە قار ياغىدىكەن، قارلىق مەزگىل سەككىز-توققۇز ئاي چامىسىدا داۋاملىشىدىكەن. ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان ۋاقىت ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولىدىكەن، بىراق بىز ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى يېتىپ كەپتۇق.

ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان جىمجىتلىقتا، دۇنيادىن تەرك بولغاندەك[1] بولۇپ قالدۇق. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تاغلارنىڭ ئارىسىدا قوڭغۇراق ساداسى، قۇشلارنىڭ ئاۋازى بولسىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بۇ يەردە ھەقىقەتەن جىمجىتلىق، خىلۋەتلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. كەچ كىردى، تىمتاس-

① تەرك بولغاندەك — ئايرىلىپ قالغاندەك.

لىقتىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى . تىنىمسىز ئۆزگە-
رىپ تۇرىدىغان ھاۋا رايىمۇ بىز تۇرغان ئىككى كۈن ئىچى-
دە ، خۇددى سېھىرلەنگەندەك قاناسقا سىرلىق تۈس قوشۇپ
قويدى .

بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە ، بۇلۇتلار تال - تال شايى
بەلۋاغلاردەك تاغنى ئورىۋالدى ، بىردىنلا يەنە توپ - توپ
بولۇشۇپ تاغ بېشىغا قاراپ لەرزان كۆتۈرۈلدى ، شۇئان يەنە
يېيىلىپ يىراق - يىراقلارغا ئۈزۈپ كەتتى . ئارقىدىنلا قارا
بۇلۇتلار توپلىنىپ ، شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى . ئەتى-
سى سەھەردە قوپساق ، ئاپئاق مامۇقتەك قارلار يەر يۈزىنى
قاپلاپ كېتىپتۇ . بىراق ، ئىككى سائەت ئۆتە - ئۆتمەيلا
كۈن پارقىراپ چىقتى . يەر يۈزىدىكى قارلار پۈتۈنلەي ئې-
رىپ تۈگىدى ، تاغلار بولسا يەنىلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان
كۈمۈش لىباسنى كىيىكلىك ئىدى .

داڭلىق تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلارنىڭ ھەممىسىلا گۈ-
زەل بولىدۇ ، لېكىن قاناسنىڭ ئالاھىدىلىكىنى «ھەقىقەتەن-
مۇ ئاجايىپ» دەپ سۈپەتلەشكە بولىدۇ . كۆل سۈيىنىڭ
سۈزۈكلۈكى ، ئەتراپىنىڭ جىمجىتلىقى ۋە خىلۋەتلىكى كى-
شىنى شېئىرىي تۇيغۇلارغا چۆمدۈرىدۇ . خىلۋەتلىك ئۇنىڭ
جېنى . ھەممە نەرسە شۇقەدەر تىمتاس ، شۇقەدەر سىرلىق-
كى ، ئۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ . مانا بۇ قاناسنىڭ
ئۆزگىلا خاس سېھرىي كۈچى .

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى پىششىق ئوقۇڭ ۋە تۆۋەندىكى سوئاللار-

غا جاۋاب بولىدىغان جۈملىلەرنى تېپىپ ، ئاستىغا سىزىڭ ، ئاندىن جاۋاب بېرىڭ .

1 ) قاناس كۆلىنىڭ جايلاشقان ئورنى ؛

2 ) قاناس كۆلىنىڭ مەنزىرىسى ۋە سىرلىقلىقى ؛

3 ) قاناس كۆلىنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشى ؛

4 ) قاناس كۆلىنىڭ ئالاھىدىلىكى .

2 . بۇ تېكىست قانداق تەرتىپ بويىچە يېزىلغان ؟ رەت تەرتىپى بويىچە سۆزلەپ بېرىڭ .

3 . نېمە ئۈچۈن ئاپتور «قاناس كۆلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ‹ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ › دەپ سۈپەتلەشكە بولىدۇ » ، «خىلۋەتلىكى كىشىنى شېئىرىي تۇيغۇلارغا چۆمدۈرىدۇ . خىلۋەتلىك ئۇنىڭ جېنى » دەيدۇ ؟ تېكىستتىن مۇۋاپىق جۈملىلەرنى تېپىپ ، سېلىشتۇرما قىلىپ سۆزلەڭ .

4 . تېكىستنى «ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان جىمجىتلىق ... » دېگەن يەردىن ئاخىرىغىچە ھېسسىيات بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇڭ .

5 . دەرسلىكنىڭ باش تەرىپىدىكى قاناس كۆلىنىڭ رەڭلىك سۈرىتىگە قاراڭ . سۈرەتنى تېكىستتىكى مەزمۇنلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، كېڭەيتىپ سۆزلەپ بېرىڭ .

6 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| خىلۋەت | سىرلىق | مەخلۇق | تومۇز ئىسسىق |
| ئۈششۈك | مۆلدۈر | نامايان | ھۆكۈم قىلىش |
| نامەلۇم | تاساددىپىي | تىمتاس | سېھرىي كۈچ |

# 6. دولان راۋابى

دولان راۋابى — مەكىت ناھىيىسى ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش بولغان مارالبېشى، ئاۋات ناھىيىلىرىگە كەڭ تارقالغان، دولان ئەلنەغمىلىرىنى ۋە «دولان توققۇز مۇقامى»نى ئىجرا قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابى.

سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، دولان راۋابىنىڭ ياسىلىشى قوپالراق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا چالغۇ ئەسۋابلىرىدەك، يەنى راۋاب، دۇتار، ساتار، غېجەك، تەمبۇرلاردەك سىپتا، كۆركەم ئەمەس. چېلىش شەكلى، قائىدە-قانۇنىيەتلىرى جەھەتتىمۇ پەرقلەر مەۋجۇت. لېكىن، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزاق قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى.

دولان راۋابىغا پەدە بېكىتىلمەيدۇ. يۇقىرقى قىسمىدىكى ئۈچ قۇلاققا بىر تالدىن ئۈچ تال سىم سېلىپ تۈزۈلىدۇ. بۇ ئۈچ تال سىمغا بېگىز بارماقنى ئاساس قىلىپ قول بېسىلىدۇ ۋە يۆتكىلىدۇ. دولان راۋابىنىڭ دەستىسىگە ئورنىتىلغان 14 تال قۇلاققا بېكىتىلگەن 14 سىمنىڭ ئىككىسى بىر ئاھاڭ قىلىپ تۈزۈلۈپ، يەتتە خىل ئاۋاز توچكىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ راۋابنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتى سىيرىپ چېلىش ئالاھىدىلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ياغاچتىن ياسالغان ئۇزۇن زەخمەكنى ئوڭ قولنىڭ باش بارماق ۋە بېگىز بارماقلىرى ئارىسىغا چىڭ قىستۇرۇپ، راۋابنى ئوڭ



بىقىن تەرەپكە تىرەپ ، سول قول تەرەپكە ئۇنىڭ دەستىسىنى
ئېلىپ ئۇستۇن كۆتۈرگەن هالدا چېلىنىدۇ . دولان راۋابى-
نىڭ پەدىسى بولمىغاچقا ، پەدە باسقان بارماقلارنىڭ يۆتكى-
لىپ ئاهاڭ چىقىرىشى تەلەپكە لايىق بولۇشى ، بارماقلارنىڭ
توغرا بېسىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ . بارماق توغرا بېسىلمى-
سا ، ئاهاڭ خاتا چىقىپ ، مۇزىكىنىڭ مۇڭى ، بىرلىكى
بۇزۇلۇپ ، ئاهاڭ رىتىمغا تەسىر كۆرسىتىدۇ . دولان راۋا-
بىدىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى ئەنئەنىۋى چالغۇدىن ئۇنۇملۇك
پايدىلىنىلسا ، ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىنسا ئۇيغۇر
مۇزىكىلىرىغا يېتەرلىك هۆسن قوشۇلىدۇ .

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئىچىڭىزدە پىششىق ئوقۇڭ. تېكىست نەچچە ئابزاستىن تۈزۈلگەن؟ ھەرقايسى ئابزاستا نېمىلەر سۆزلەنگەن؟ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

2. دولان راۋابى قەيەرلەردە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ؟

3. دولان راۋابىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ۋە چېلىش شەكلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭ ھەمدە جاۋابىنى رەتلىك قىلىپ دەپتىرىڭىزگە كۆچۈرۈپ يېزىڭ.

4. بۇ تېكىستنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكىنى ئالدىنقى ئىككى تېكىستكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىۋېلىڭ.

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ ۋە ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭ.

ئەلنەغمە ئەنئەنە ۋارىسلىق قىلىش پەدە

مىللىي خۇسۇسىيەت ھۆسن قوشۇش

oBlədi

## 7 . سىلىم بوۋاينىڭ ھەيكىلى①

1983 – يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى تاماملاپ تەقسىمات بويىچە قارامايغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم . مەن جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى بۇ نېفىت شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن تامامەن يېڭى ئەرسىلەرنى كۆردۈم ۋە ئاڭلىدىم ، دېسەم بولىدۇ . چۈنكى ، مەن قۇمۇلنىڭ سەھرالىرىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغاچقا ، نېفىتلىككە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدىم . قاراماي نېفىتلىكىگە ئائىت مەن ئاڭلىغان ئىشلار ئىچىدە سىلىم بوۋاي توغرىسىدىكى رىۋايەت كەبى ھېكايىلەر مېنى تولىمۇ قىزىقتۇردى .

سىلىم بوۋاينىڭ «مايبۇلاق»نىڭ بېشىغا قاتۇرۇلغان ھەيكىلىنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە ، ئۇنىڭ بۇركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىگە ، قولىدىكى راۋابىغا ، چاپچىپ كېتىۋاتقان ئېشىكىگە قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ قالاتتىم . ماڭا ئۇ راۋابىنى چالغىنىچە بىپايان چۆللەردە كېتىۋاتقاندەك سىزىلەتتى . ئېشەك يېنىغا ئېسىلغان قاپاقتا ئۇنىڭ بارلىق سىر – ھېكمەتلىرى قاچىلانغاندەك ، ئەگەر ئاشۇ قاپاق ئاغزىدىكى قوناق مەدىكىنى ئېلىۋەتكەندە ، ئۇنىڭ ئىچىدىن تۈرلۈك – تۈمەن ئىشلارغا شاھىت بولغان ھېكايە – ۋەقەلەر بىر – بىرلەپ ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك تۇيۇلاتتى .

---

① بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى ئارسلان تالىپ .

قاراماي نېفتلىكى 1955 - يىلى قېزىلىشقا باشلىغان نېفتلىك ئىدى . ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ جاي چىڭگىز تېغى[①] باغرىدىكى پايانسىز جاڭگال ئىدى . يازدا تونۇردەك قىزىپ كېتىدىغان ، قىشتا زىمىستان سوغۇق ھۆكۈم سۈرىدىغان ، ئەتىيازدا ۋەھىمىلىك بوران بېسىقمايدىغان بۇ ئادەمسىز جاڭگالدا ، يۇلغۇن ، سۆكسۆك ، توغراقلار چىرمىشىپ ئۆسۈپ كېتەتتى . توپ - توپى بىلەن ئوتلاپ يۈرىدىغان جەرەنلەر ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتقىنىچە ئۈركۈپ قېچىپلا يۈرىدىغان ياۋا توشقانلار ، بىر خىلدا كۆسۈلداپ ئۆمىلەپ كېتىدۋاتقان يىلانلار ، باشلىرىنى تىككىدە قىلىپ قاراپ تۇرىدىغان كەسلەنچۈكلەر ، كېچىلىرى كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ھۇۋلايدىغان بۆرىلەر بۇ جاينىڭ خوجايىنلىرى ئىدى .

سېلىم بوۋاي مانا مۇشۇ سۈرلۈك جاڭگالنىڭ جاپاسىغا پىسەنت قىلماي ئات ، ئېشەك ۋە تايغانلارنى ھەمراھ قىلىپ ، ئۆزى يالغۇز گەمە ئۆيدە 40 يىل ياشىغان .

سېلىم بوۋاي ئەسلىي ئاتۇشنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا شامچى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ ، يىگىتلىك يېشىغا يەتكىچە يۇرتىدا ياشىغان ھەم تۈرلۈك ھۈنەرلەرنى ئۆگەنگەن . بىر باينىڭ ئايقىز ئىسىملىك قىزىغا كۆڭۈل بەرگەن . بىراق ، باي سېلىمنى كەمبەغەل كۆرۈپ ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلمىغان . مىجەزى جاھىل ، قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان ، پاك مۇھەببەتنى ئەلا بىلىدىغان ، باشقىلارغا بويسۇنۇشنى خالىمايدىغان سېلىم ئايقىز بىلەن تىلىنى بىر قىلىپ ئاتلىق قاچقىنىچە ئىلىغا چىقىپ كەتكەن . بىرنەچچە يىل ئىلىدا ياشاپ ، ئايلى-

① چىڭگىز تېغى — جايىر تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

ىنىپ يۇرۇپ شىخۇنىڭ قاراسۇ دېگەن يېزىسىدا ئولتۇراقلى-
شىپ قالغان . ئۇ قاراسۇدىكى كىشىلەردىن چىڭگىز تېغى
باغرىدا مايبۇلاق بارلىقىنى ، ئۇ يەردىن يەر يېغى تىنىمسىز
ئېقىپ چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان . شامچى ئائىلىسى-
دە چوڭ بولغان ، يەر يېغىغا ئالاھىدە مېھرى بار ، يەر
يېغىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىغان سېلىم بىر
كۈنى ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ ئېتىغا مىنىپ ، ئۈچ
كۈن يول يۈرۈپ مايبۇلاققا يېتىپ كەلگەن . ئۇ بىپايان
چۆلنىڭ قوينىدا بۇلدۇق - بۇلدۇق قىلىپ ئۆرلەپ تۇرغان
مايبۇلاقنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتكەن .

ئۇ ئالدى بىلەن يەرنى كولاپ ئۆزىگە گەمە ئۆي ياسى-
غان ، مايبۇلاقنى قاتلامموقاتلام ئېقىتىش ئۇسۇلى بىلەن
مايدىكى سۇ تەركىبىنى ئايرىيدىغان چوڭ - كىچىك كۆل-
چەكلەرنى ياسىغان ، قاپقان قۇرۇپ جەرەن ، توشقانلارنى
ئوۋلاپ ئوزۇق قىلغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆت ئەتراپى كۆز
يەتكۈسىز بۇ چۆل - باياۋانغا ماكانلىشىپ ، بىپايان چۆلنىڭ
كىشىگە قورقۇنچ سالىدىغان قاراڭغۇ كېچىسىدە تۇنجى چى-
راغ نۇرىنى ياندۇرغان .

2 سېلىم بوۋاي بۇ يېڭى ماكانىغا جايلىشىۋالغاندىن كې-
يىن ، ئۆزى چەككىلىگەن مايلارنى تۇلۇمغا ، قاپاقلارغا قا-
چىلاپ ئات ، ئېشەك ۋە تارانچى هارۋىلىرىدا شىخۇغا ئاپىرىپ
سېتىپ تىرىكچىلىك قىلغان . ئۇ مايبۇلاق بىلەن شىخۇ
ئارىلىقىدا نەچچە يۈز قېتىم قاتناپ ، كىشىلەرنىڭ يېقىلغۇغا
بولغان ئېھتىياجىنى قامدىغان . ئايالى ئايقىز ئۆلۈپ كەتكەن-
دىن كېيىن ، ئۇنىڭ بۇ چۆلدىكى مايبۇلاققا بولغان مېھرى
كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە چوڭقۇرلى-

شىپ كەتكەن . سىلىم بوۋاي بۇ جاڭگالدا ياشاش ، توختىماي سەپەر قىلىش جەريانىدا جاڭگالنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان جاپاسىغا كۆنۈپ كەتكەن . ئۇ بۇ يەردىكى ئىسسىق – سوغۇقنىڭ تەمىنى تېتىپ پىشىپ كەتكەن . قىش كۈنلىرى ئادەمنىڭ تىزىغا كەلگۈدەك كۈلتۈك قاردا ، يازنىڭ ئېغىزنى قۇرۇتىدىغان پىژغىرىم ئىسسىقلىرىدا تاۋلانغان . قانچىلىغان هايات – ماماتلىق كەچمىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن .

سىلىم بوۋاي بۇ باياۋاندا 40 يىل تەنها ياشاش ۋە تەنها سەپەر قىلىش جەريانىدا ئۆز كەچمىشلىرىنى مىسرالارغا تىزىپ ، دۇتارىنى سازلاپ ناخشا قىلىپ ئوقۇغان . يالغۇزلۇقنى ، زېرىكىشنى قوشاق توقۇش ، ناخشا ئوقۇش ، ساز چېلىش ئارقىلىق يەڭگەن .

دۇتارىمنى ساز ئېتىپ ،
باياۋاننى كېزىمەن .
مايىبۇلاقنى يىراقتىن ،
پۇرىقىدىن سېزىمەن .

قۇشلار بولدى مۇڭدىشىم ،
ئېشىكىم هەم قولدىشىم .
بۇ چۆلدە مەن نەقىلاي ،
بولمىسا بىر يولدىشىم .

جەرەن تۇتۇپ يېدىم مەن ،
كېيىك تۇتۇپ يېدىم مەن .
تېرىسىنى ئۇچامغا ،
ئېگىن ئېتىپ كىيدىم مەن .

نەلىك سەن دېگەنلەرگە ،
قارامايلىق دەپ كەتتىم .
ئېشەكلىك نەچچە كۈن مېڭىپ ،
شىخوغا ئاران يەتتىم .

شىخونىڭ بازارىدا ،
ساتتىم بىر قاپاق مايىنى .
خۇدايىم بېرەر بىر كۈن
باي مېنگەن تولۇن تايىنى .

ماكانىمدۇر مايبۇلاق ،
جەرەنبۇلاق ، ئاقبۇلاق .
تۆھمەت ، ئالۋان ـ ياساقتىن ،
باغرى سۈتتەك ساق بولاق .

1951 ـ يىلىدىن باشلاپ سېلىم بوۋاي بۇ چۆلدە ئالا كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان نېفىت چارلىغۇچىلارنى ئۇچ- رىتىدىغان بولغان . سېلىم بوۋاي سۇر ئېشىكىگە مىنىپ ، ئالا تايغىنىنى ئەگەشتۈرۈپ ، ئۇلار سىزىپ ، ئۆلچەپ يۈر- گەن يەرلەرگە بارغان . سېلىم بوۋاي ئۇلارغا «مۇشۇ زېمىن تېگىدە دولقۇنلاپ تۇرغان يەر يېغى بار» دېگەندە ، ئۇلار بۇ سەھرالىق بوۋاينىڭ سۆزىگە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەن .

1955 ـ يىلى ئەتىيازدا ، سېلىم بوۋاي ئۆزى تۇرغان جاينىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى سۆكسۆك ئارىسىدا ئىشلەۋاتقانلارنى كۆرۈپ قالىدۇ . ئۇلار ئەترەت باشلىقى سۇلايماننىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ۋىشكا قۇراشتۇرۇش ئەترى-

تى ئىدى . جەمئىي بەش ئادەمدىن تەركىب تاپقان بۇ ئەترەت قارامايدىكى تۇنجى ۋىشكىنى تولىمۇ جاپادا قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ . سىلىم بوۋاي ئۇلارغا قاراپ «ئەمدى رەسمىي قۇدۇق قازىدىغان بوپتۇ ـ دە ، ئاخىر مايىنى چىقىرىدىغان بولدى ئۇلار» دەپ ئويلايدۇ . ئەمما ، «1 ـ نومۇرلۇق قۇدۇق» دەپ ئاتالغان بۇ قۇدۇقنى قېزىش بەكمۇ تەسكە توختايدۇ . ئىشچىلارنىڭ تاقىتى تاق بولىدۇ . زېرىكىدۇ ، تېرىكىدۇ ، جاڭگالنىڭ جاپاسىغا چىدىماي ۋايسىشىدۇ . شۇنداق چاغلاردا ئۇلار 40 يىلنى مۇشۇ زېرىكىشلىك چۆلدە ئۆتكۈزگەن سىلىم بوۋايغا قاراپ ھەيران بولۇشىدۇ . ئۇلار سىلىم بوۋاينىڭ شۇنداق سۇسىز باياۋاندا ، جاپالىق مۇھىتتا شۇنچە ئۇزاق ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۇمىدۋار ، تەمكىن ، ساغلام ، خۇشخۇي ، روھلۇق يۈرگىنىگە ھەۋەس قىلىشىدۇ . سىلىم بوۋاي ئۇلارنىڭ كۆزىگە گويا تەبىئەتنىڭ ئەركە ئوغلىدەك كۆرۈنىدۇ . ئۇلار يېشى 70 لەردىن ھالقىغان بۇ بوۋاينىڭ تارانچى ھارۋىسى ئۈستىگە قويۇلغان تۆمۈر باكىغا ماي قۇيۇشتىكى چەبدەسلىكى ، ئۆيىنىڭ يان تەرىپىگە ياسالغان دار ئاستىغا جەدە ئېتىنى باغلاپ قويۇپ تاقىلاشلىرى ، تونۇرغا بىر ئەپلىك نان يېقىشلىرى ، جەرەننى دارنىڭ ئىلمىكىگە ئېسىپ تۇلۇمچە قىلىپ سويۇشلىرى ، جەرەن ، كېيىك ، ئۆچكە تېرىلىرىنى ئەيلەپ جۇۋا ، قولاقچا تىكىشلىرىنى كۆرۈپ ، بۇ بوۋايدا 72 خىل ھۈنەر بارمۇ ـ نېمە ، دېيىشىدۇ . جاڭگال ئاسمىنى گۈگۈم پەردىسىگە يۆركەنگەن مەھەلدە دۆڭلۈك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سىلىم بوۋاينىڭ دۇتار چېلىپ ئوقۇغان ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ھاردۇقلىرى چىقىپ كەتكەندەك بولۇشىدۇ . قىسقىسى ، سىلىم بوۋاي ئۇلارغا غەيرەت ،

جاسارەت ، خۇشاللىق ، ئۈمىد ئاتا قىلىدىغان خىسلەتلىك بوۋاي سىياقىدا تۇيۇلىدۇ .

1955 - يىلى سوغۇق ھەر يىلقىدىن بۇرۇنراق چۈشىدۇ . كىلىمات باشقا يىللارغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەيدۇ . نۆلدىن تۆۋەن قىرىق سېلىسىيە گرادۇسقا چۈشكەن تېمپېراتۇرا زېمىننى تاشتەك قاتۇرغان ، غەربىي شىمالدىن سوقۇۋاتقان شىۋىرغان لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار بىلەن زېمىنغا ئاپئاق داستىخان سالغانىدى . ئەجەبلىنەرلىكى ، 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن ماي چىققاندىن كېيىن 2 - نومۇرلۇق قۇدۇقنى قېزىۋاتقان ئىشچىلار تۆمۈرنى تۇتسا قول چاپلىشىپ قالىدىغان مۇشۇ قەھرىتان سوغۇقتىمۇ كېچە - كۈندۈز ئىشلەۋاتاتتى . بۇرغا ئاۋازى كېچە - كۈندۈز توختىماي گۈرۈلدەۋاتاتتى . سېلىم بوۋاي ئۇلارغا كەسكىن قىلىپ «بۇ يەردە ماي يوق ، ئاۋارە بولۇپ قازماڭلار» دەيدۇ . ئاغزى ئىتتىكرەك بىر يىگىت :

— نېمىشقا ئۇنداق كەسكىن گەپ قىلىسىز ، بۇ يەردە ماي بار - يوقلۇقىنى سىز قانداق بىلىسىز ، سىز يا گېئولوگ - ئىنژېنېر بولمىسىڭىز ؟ — دەيدۇ . سېلىم بوۋاي ئىككىلەنمەستىن :

— مەندەك قىرىق يىل ماي ھىدلاپ يۈرگەن ئادەم ماي پۇرىقىنى سەزمەي قالامدىمەن ؟ — دەپ جاۋاب بېرىدۇ . ئىشچىلار كۈلۈشۈپ قويۇپ بۇرغىلاۋېرىدۇ . ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىدىن رەنجىگەن سېلىم بوۋاي گەمە ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ .

بىر كۈنى ئەتىگىنى سېلىم بوۋاي ئادەتتىكىدەك ئۆز ئىشلىرىنى تاماملاپ ، ئۆي ئالدىدىكى دۆڭلۈككە چىقىپ

ئەتراپقا نەزەر تاشلايدۇ. ئۇنىڭ 2 - نومۇرلۇق قۇدۇقنى كۆزىتىۋاتقان كۆزلىرى بىر نۇقتىدا توختاپ قالىدۇ. تېخى ئاخشاملا چىراغلىرى يورۇپ تۇرغان ۋىشكا ھازىر كۆرۈنمەيتتى. كىرانبلوك ئۈستىدە لەپىلدەپ تۇرغان بايراقمۇ كۆرۈنمەي قالغانىدى. ۋىشكا ناھايىتى ئېگىز مۇز مۇنارغا ئايلانغانىدى.

— بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ — سېلىم بوۋاي كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ئۇۋۇلاپ قايتا قارايدۇ. راستتىنلا مۇز مۇنار، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چېپىشىپ يۈرگەن كىشىلەر خۇددى چۈمۈلىدەك...

«سۇ چىقىپ كېتىپتۇ - دە، كاساپەت، قازماڭلار دېسەم ئۇنىمىدى، مانا ئەمدى ماي چىقىرىمەن، دەپ سۇ چىقىرىپ قويۇپتۇ» دەپ ئويلايدۇ سېلىم بوۋاي.

قۇدۇقتىن راستتىنلا سۇ چىقىپ كەتكەن. ئازراق گاز ئارىلاشقان سۇ تۇپتۇز ئېتىلىپ چىققىنىچە ۋىشكا جازىلىرىغا ئۇرۇلۇپ توپتوغرا كىرانبلوكنىڭ ئۇچىغىچە فونتانلىغان بولغاچقا، قاتتىق سوغۇق ناھايىتى تېزلا ھەيۋەتلىك ۋىشكا جازىسىنى مۇز مۇنارىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى! ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇ ئېگىزگە ئۆرلەپ يېيىلىپ چۈشۈكەچكە، مۇز مۇنارى بارغانسېرى قېلىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. سۇنى ئېتىش ئۈچۈن قاپقاق بېكىتىش كېرەك. بۇنى ئادەم كۈچى بىلەن بېكىتمەي بولمايتتى. بارلىق ئىشچىلار جىددىيلەشكەنىدى. كىيىملىرى تاراڭشىپ مۇز چاپان، مۇز ئىشتان كىيىۋالغاندەك بولۇپ قالغان ئىشچىلار سۇ بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىشچىلار سېلىم بوۋاينى ئۆزلىرى-

نىڭ سىرداش دوستى ، دەپ بىلىپلا قالماستىن ، خالىس مەسلىھەتچىسى ، دەپ تونۇيدۇ .

كېيىن ، قاراماي خەلقى بۇ سۆيۈملۈك ، قەيسەر ، چېۋەن بوۋاينى ئەسلىشىپ ، ئۇنى «قاراماي شەھىرىنىڭ تۇنجى پۇقراسى » دەپ تەرىپلەشكەن .

## كۆنۈكمە

1 . سېلىم بوۋاينىڭ مىجەز - خاراكتېرى ھەققىدە قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز ؟

2 . سېلىم بوۋاينىڭ چۆل - باياۋاندا 40 يىل تەنها ياشىغانلىقى سىزگە قانداق تەسىر قىلدى ؟

3 . ئىشچىلار بىلەن سېلىم بوۋاي ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى ؟

4 . سېلىم بوۋاينىڭ قوشاقلىرىنى يادلىۋېلىڭ .

يېزىقچىلىق

# ئەسەر تەرتىپىنى بىلىۋېلىش لازىم

ئەسەر تەرتىپىنىڭ ئېنىق بولۇش - بولماسلىقى ئاپ-تورنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش يولىنىڭ ئېنىق بولغان - بولمى-غانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئاپتور بىر ئەسەرنى يازغىچە، ئاۋۋال نېمىنى، ئاندىن نېمىنى، ئاخىرىدا نېمىنى يازىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. بۇنداق پىكىر يۈرگۈزۈش ئاپتور ئىپادىلىمەكچى بولغان مەركىزىي ئىدىيىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بىز بىر ئەسەرنى ئوقۇغاندا، ئوقۇۋېتىپ، ئاۋۋال نېمىنى، ئاندىن نېمىنى، ئاخىرىدا نېمىنى بىلىۋالىدىغانلىقىمىز ھامان ئاپ-تورنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش يولىغا باغلىق بولىدۇ. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قايتىدىن ئويلانغاندا، قانداق داۋلىنى چۈشىنىۋالغانلىقىمىز — مەركىزىي ئىدىيە بولىدۇ.

ئاپتورنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش يولىنى ئەسەرنىڭ تەرتى-پىدىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

مەسىلەن، «جىنخۇادىكى قوش ئەجدىھا غارى» ئاپتور-نىڭ جىنخۇادىكى قوش ئەجدىھا غارىنى ساياھەت قىلغان چاغدا كۆرگەنلىرى ۋە ئاڭلىغانلىرى بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا خۇددى بىر يول باشلىغۇچى سۈپىتىدە، قايسى پەسىلدە، قەيەردە قوش ئەجدىھا غارىنى ساياھەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئارقىدىنلا، قوش ئەجدىھا غارىغا قايسى يول بىلەن

بارغانلىقىنى ، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ، قوش ئەجدىھا غارىنىڭ ئالا-ھىدىلىكلىرىنى ؛ غار ئاغزىنىڭ قانداقلىقىنى ، تاشقى ۋە ئىچكى غارلارنىڭ قانداقلىقىنى ؛ تاشقى غاردىن ئىچكى غارغا قانداق كىرگەن ۋە چىققانلىقىنى نۇقتىلىق تۇردە بايان قىد-لىدۇ . مانا بۇ ، ئەسەرنىڭ تەرتىپى .

ئەسەرنىڭ تەرتىپى ئاپتورنىڭ پىكىر يۇرگۇزۇش يول-نى قانداق ئەكس ئەتتۇرگەن؟ ئاپتور قاچان ، قەيەردە ، قانداق قىلىپ قوش ئەجدىھا غارىغا يېتىپ بارغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ، بىزگە ئالدى بىلەن قوش ئەجدىھا غارى-نىڭ ئورنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىمتىنى بىلدۇرگەن . ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ئوقۇرمەنلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە-نى : نېمە ئۇچۇن قوش ئەجدىھا غارى ، دەپ ئاتالغانلىقىنى يېشىپ بېرىشنى ئويلىغان . مانا بۇ ، ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى ، شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەر بىلىشنى ئەڭ ئۈمىد قىلى-دىغان مەسىلىدىن ئىبارەت .

ئاپتور قوش ئەجدىھا غارىنىڭ بىرقانچە ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتقان . ئۇنىڭ بىرى ، بۇلاق سۇيى . تاغ ئارىسىغا كىرگەندە غار ئاغزىغا بارغۇچە ، تاشقى غاردىن ئىچكى غارغا كىرگۈچە ھەممىلا يەردە بۇلاق سۇيىگە كۆڭۈل بۆلگەن . يەنە بىرى ، ئىچكى غارغا قانداق كىرىش . تاشقى غار بىلەن ئىچكى غار تۇتاش بولسىمۇ ، كىرىدىغان يوچۇق بەك تار ، پەقەت بىر كىچىك قېيىقلا ، ئۇنىڭدا ئادەم ئولتۇرۇشىغا ياتقان-دىلا ئىچكى غارغا كىرىپ ـ چىقالايدۇ . ئۈچىنچىسى ، ئىچ-كى غارنىڭ مەنزىرىسى . ئاپتور ئازراق «ئوخشىشىپ كېتى-دىغان» قوش ئەجدىھانى ؛ ستالاگتىت ، تاش بامبۇكلارنى كۆرگەن ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرەز بىلەن قانداقتۇر بىر

نېمىگە ئوخشىتىلغان ، بىر كۆرۈپ زوقلىنىشقا ئەرزىيدۇ .
شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۇتۇپ ، تەرتىپ بويىچە ، مۇ-
ھىم نۇقتىسى بولغان ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇش — ئاپتورنىڭ
نۇقتىلىق تۇردە پىكىر يۇرگۇزىدىغان يېرى ، ئۇنىڭ ئوي-
پىكرىدۇر .

بىز ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا ، ئۇنىڭ تەرتىپىنى بىلىۋې-
لىشىمىز لازىم . تەرتىپىنى بىلىۋالساق ، ئاپتورنىڭ پىكىر
يۇرگۇزۇش يولىنى چۈشىنىۋالغان بولىمىز .

## ئىككىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ ۋە ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭ .

غار چۆل تورۇس سەيلە قىن-قىنىغا پاتماي

جىرا تىك قىيا چاك - چاك يېرىلىش بارىكاللا

2 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئىچىڭىزدە ئوقۇڭ ۋە بېرىلگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ .

### چۈمۈلە

چۈمۈلە دائىم ئۆۋىسىدىن يىراق يەردىن ئوزۇقلۇق تېپىپ يەيدۇ . ئۇ تاپقان ئوزۇقلۇقنى يەپ بولالمىسا ۋە ئۆزى يالغۇز ئېلىپ كېتەلمىسە ، دەرھال ئۆۋىسىغا قايتىپ «ئەسكەر يۆتكەيدۇ» - دە ، بىر توپ چۈمۈلىنى باشلاپ كېلىدۇ . ئۇلار ياكى ئوزۇقلۇقنى بۆلۈشۈپ يەۋېتىدۇ ، ياكى پارچىلاپ ھەربىرى بىر پارچىدىن ۋە ياكى ھەممىسى بىرلىكتە ئۇنى ئۆۋىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ .

چۈمۈلە نېمىگە تايىنىپ ھەمراھلىرىغا خەۋەر يەتكۈزىدۇ ؟ بېشىدىكى بۇرۇتىغا تايىنىدۇ . ئۇلار بېشىدىكى بۇرۇتلىرىنى بىر - بىرىگە تەگكۈزۈش ئارقىلىق خەۋەرلىشىدۇ . ئەگەر يېمەكلىك ھەم چوڭ ، ھەم مەززىلىك بولسا ، بۇرۇتنى ئاجايىپ شىددەت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدۇ .

چۈمۈلىنىڭ يولنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك . ئۇ يولنى ئاساسەن كۆزىگە تايىنىپ ، يەر ۋە ئاسماندىكى نەرسىلەرگە

قاراپ پەرق ئېتىدۇ . بىرەيلەن مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلىگەن : بىر توپ چۈمۈلە ئۇۋىسىغا قايتقان چاغدا ، ئىچى كاۋاك بامبۇك بىلەن ئۇلارنى كۆمتۈرۈۋېلىپ ، يولنى كۆرسەتمىگەن ، ئۇلار پەقەت بامبۇك كاۋىكىدىن ئاسماننى كۆرەلىگەن . شۇنىڭغا ئاساسەن چۈمۈلىلەر ماڭ- دىغان يۆنىلىشنى توغرا تېپىپ ، ئۇۋىسىغا قايتقان . ئاسمان ۋە يەردى- كى نەرسىلەرنى پۈتۈنلەي توسۇپ قويغاندا ، بۇ چۈمۈلىلەر تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن . چۈمۈلىلەر يەنە پۇراققا ئاساسلىنىپمۇ يولنى تاپالايدۇ . بەزى چۈمۈلىلەر ئۆزلىرى ماڭغان يەرلەرگە بىر خىل پۇراق قالدۇرىدۇ ، قايتىپ كېلىشىدە ، شۇ پۇراققا ئاساسلىنىپ يولنى پەرق ئېتىدۇ . ئەگەر چۈمۈلە مېڭىپ ئۆتكەن ئىزنى بارمىقىمىز بىلەن سىزىۋەتسەك ياكى غەيرىي پۇراقلىق نەرسى- لەرنى سېپىۋەتسەك ، چۈمۈلە يولدىن ئېزىپ قالىدۇ .

بۇ پارچىدا قانچە مەسىلە سۆزلەنگەن ؟ ئاپتور ئاۋۋال نېمىنى ، ئاندىن نېمىنى ، ئاخىرىدا نېمىنى يازغان ؟ بۇنداق يېزىشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكى بار ؟

3 . بىر قېتىملىق ئېكسكۇرسىيە پائالىيىتىگە قاتنى- شىڭ ، ئاۋۋال نېمىنى ، ئاندىن نېمىنى يازغاندا ، ماقالىنىڭ تەرتىپى ئېنىق ۋە رەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلىنىپ ، بۇ پائالىيەتنى يېزىپ كېلىڭ .

4 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭ ، ئاندىن مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ كۆچۈرۈڭ .

1 ) ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە ئوقۇغۇچىلار ئەدەپلىك بو- لۇڭلار ئەلا ئوقۇش ئۈچۈن تىرىشىڭلار دېدى

2 ) قەلبىنۇر كىتاب دەپتەر قەلەملىرىنى ئالدىراشلىق بىلەن يىغىشتۇردى - دە سىنىپتىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى

3 ) مېنىڭچە سىز، ھەببە، ئۆزىڭىز، ئىشلىگىنىڭىز توغ-زۇك،

5 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭ ، مەنىداش سۆزلەرنى سىزىق ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇڭ.

| | |
|---|---|
| ئىلدام | ئاسمان |
| تاتلىق | ئۇن ، ئاھاڭ |
| كۆك | لەززەتلىك ، مەززىلىك |
| تاۋۇش | داڭلىق ، ئاتاقلىق |
| ئاۋۋال | تېز |
| مەشھۇر | ئىلگىرى |
| زېمىن | خىيال |
| ئوي ـ پىكىر | يەر ، تۇپراق |

# 8 . لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكنى تېزلىكتە ئېلىش

1935 ـ يىلى مايدا ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى شىمالغا قاراپ ماڭغان ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيىسى تەبىئىي توساق دادۇخې دەرياسىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى . دادۇخې دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى پۈتۈنلەي ئېگىز تاغ چوققىلىرى بولۇپ ، سۈيى بەكمۇ تېز ئاقاتتى . دەريادا ئۆتۈشكە بولغۇدەك پەقەت بىرلا زەنجىر كۆۋرۈك بولۇپ ، مانا بۇ قىزىل ئارمىيە ئىگىلىشى كېرەك بولغان لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكى ئىدى .

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئارمىيىمىزنىڭ شىمالغا يۈرۈشىنى توسۇش ئۈچۈن ئىككى تۈەن ئەسكەر بىلەن كۆۋرۈكنى ساقلاۋاتاتتى ، كېيىن يەنە ئىككى لۈينى ياردەمگە ئەۋەتىپ ، ئارمىيىمىزنى كۆۋرۈك بېشىدىلا يوقىتىش خىيالىدا بولدى . قىزىل ئارمىيە دۈشمەننىڭ مۇنداق سۇيىقەستلىك ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئالدىنقاچان كۆرۈپ يەتكەنىدى . 28 ـ ماي كۈنى ئەتىگەندە قىزىل 4 ـ تۈەن يۇقىرىنىڭ «29 ـ ماي تاڭ سەھەردە لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكى ئېلىنسۇن !» دېگەن بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى .

قىزىل 4 ـ تۈەن تۇرغان جايدىن لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈككىچە يەنە 240 چاقىرىم يول بولۇپ ، ئاران يىگىرمە نەچچە سائەت ۋاقىت قالغانىدى ، دۈشمەننىڭ ئىككى لۈي ياردەمچى

ئەسكىرىمۇ لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىگە قاراپ قارشى قىرغاقنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، ھەممە ئىشتا ئالدىغا ئۆتۈۋې-لىش ئارمىيىمىزنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى-نىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىدى.

قىزىل 4 - تۈەن تاغ - داۋانلار ئېشىپ، يولدا توسۇپ ياتقان دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىپ، كەچ سائەت يەتتىگىچە ماڭغاندىن كېيىن كۆۋرۈككە يەنە 110 چاقىرىم يول قالغان-دى. جەڭچىلەرنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە تاماق يېيىشكىمۇ چولىسى تەگمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يامغۇر يېغىپ، جەڭ-چىلەرنىڭ ئۈستۈبېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. لېكىن، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا بولغان قەتئىي ئىرادە ئۇلارنىڭ ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقلىرىنىمۇ ئۇنتۇلدۇ-رۇۋەتتى. ئۇلار قاپقاراڭغۇ كېچىدە شارقىراپ يېغىۋاتقان قاتتىق يامغۇرغا قارىماي، پاتقاق يولدا ئالغا ماڭماقتا ئىدى، بىردىن، قارشى قىرغاقتا لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىگە قاراپ خۇددى ئەجدىھادەك كېتىۋاتقان ھەددى - ھېسابسىز مەشئەل-لەر كۆرۈندى. قىزىل ئارمىيە دەرھال بۇنىڭ لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىگە ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەن قوشۇنى ئىكەنلى-كىنى پەملىدى. ئارمىيىمىزمۇ مەشئەللەرنى ياندۇرۇپ، يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، دۈشمەنلەر بىلەن بەسلەشتى.

قارشى قىرغاقتىكى دۈشمەنلەر مەشئەللەرنى كۆرۈپ: «سىلەر قايسى قىسىمدىن بولىسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ئارمىيىمىز يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «بىز قىزىل ئارمىيە بىلەن توقۇنۇشۇپ قايتقانلار» دەپ جاۋاب بەردى. قارشى قىرغاقتىكى دۈشمەنلەر گۇمان قىلمىدى، ئۇلار ئارمىيە-مىزدىن ئوتتۇرىدىكى دەريا بىلەنلا ئايرىلغان ھالدا، ھېچنې-

مىنى سەزمەستىن 20 ـ 30 چاقىرىم بىللە يول ماڭدى . بۇ ۋاقىتتا يامغۇر تېخىمۇ كۈچىيىپ ، چېلەكلەپ قۇيغاندەك ياغقىلى تۇردى . يامغۇر مەشئەللەرنى ئۆچۈرۈۋەتتى . دۈشمەنلەر ئىلاجسىزلىقتىن توختاپ ، قونۇشقا مەجبۇر بولدى . ئارمىيىمىز قاراڭغۇدا داۋاملىق ئىلگىرىلەۋەردى ۋە 29 ـ ماي تاڭ سەھەر لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىگە يېتىپ باردى . يارىمغا كېلىۋاتقان دۈشمەن قوشۇنى ئارقىدا قالدى .



3 لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكى جەمئىي 13 تال زەنجىردىن تەشكىل تاپقان . ئىككى يانغا بىر جۈپتىن تۆمۈر زەنجىر تارتىلغان بولۇپ ، بۇ ، كۆۋرۈكنىڭ قانىتى ھېسابلىناتتى ، ئاستىغا قاتار قىلىپ تارتىلغان ، تاختاي ياتقۇزۇلغان توققۇز تال زەنجىر كۆۋرۈك يۈزى ھېسابلىناتتى . كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدە ماڭغاندا ئۇ گۈلەڭگۈچتەك پۇلاڭلاپ تۇراتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى تاختايلارنى دۈشمەنلەر ئاللىقاچان ئېلىۋەتكەن بولۇپ ، پەقەت تۆمۈر زەنجىرلەرلا قالغانىدى . لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىگە قاراش بىلەنلا كىشى ھەقىقەتەن ئەي-

مىنىدۇ . كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى قىزغۇچ دەريا سۈيى يۇ-
قىرىدىن خۇددى شارقىراتمىدەك ئېقىپ چۈشۈپ ، قىيا تاش-
لارغا قاتتىق ئۇرۇلاتتى - دە ، بىر جاڭدىن[①] ئوشۇقراق
ئېگىزلىككە دولقۇن چاچرىتاتتى ۋە قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك
شارقىرايتتى . كۆۋرۈكنىڭ قارشى قىرغىقى بولسا لۇدىڭ
شەھىرى ئىدى . بۇ شەھەرنىڭ بىر تەرىپى تاغقا ياندىش
بولۇپ ، غەربىي دەرۋازىسى كۆۋرۈكنىڭ دەل بېشىغا بېرىپ
تاقالغانىدى . شەھەرنى ساقلاپ تۇرغان ئىككى تۇەن دۈشمەن
شەھەر سېپىلى ۋە تاغ باغرىدا ئالدىنقاچان ئىستىھكاملار
قۇرۇپ بولغانىدى . ئۇلار مانا مۇشۇنداق تەبىئىي توساققا
تايىنىپ تۇرۇپ ، قىزىل ئارمىيىگە قاراپ : «كېلىڭلار !
قېنى سىلەرنىڭ ئۇچۇپ ئۆتكىنىڭلارنى كۆرۈپ باقايلى !»
دەپ ۋارقىراپ جار سېلىشتى .
قىزىل 4 - تۇەن دەرھال ئومۇمىي ھۇجۇم باشلىدى .
تۇەنجاڭ ھەم كومىسسارلار شەخسەن ئۆزلىرى كۆۋرۈك بې-
شىدا تۇرۇپ جەڭگە قوماندانلىق قىلدى . پۈتۈن تۇەندىكى
سىگنالچىلار ئاتاكا سىگناللىرىنى ياڭراتتى ، ھەممە قورال-
لاردىن تەڭلا ئوق ئېتىلدى . توپ ، مىلتىق ۋە ھۇررا سادا-
لىرى تاغ جىلغىلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى ، 2 -
ليەن زەربىدار ئەترەت بولدى . زەربىدار ئەترەتتىكى 22
قەھرىمان جەڭچى قوللىرىغا كارابىن مىلتىقلىرىنى ئالدى ،
يېنىغا قىلىچلىرىنى ئاستى ۋە يەنە قول بومبىلىرى بىلەن
قوراللاندى - دە ، دۈشمەننىڭ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلى-
رى ئىچىدە زەنجىرلەرگە يامىشىپ ، قارشى قىرغاققا قاراپ
تېزلىكتە ماڭدى . ئۇلارنىڭ كەينىدىكى 3 - ليەن جەڭچىلى-

① جاڭ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى . بىر جاڭ ئون چىغا ، يەنى 3.33 مېتىرغا تەڭ .

رى ، قوراللاردىن تاشقىرى ھەربىر كىشى بىردىن تاختاي ئېلىپ ، ئالغا ئىلگىرىلىگەچ تاختاينى كۆۋرۈككە ياتقۇزۇپ ماڭدى .

زەربىدار ئەترەت قارشى قىرغاقتا چىقىشى بىلەن دۈشمەنلەر ئوت قويۇۋەتتى ، كۆۋرۈك بېشى چوڭ ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالدى . مانا بۇ ھالقىلىق پەيتتە تۆەنجاڭ ۋە كومىسسارلارنىڭ «يولداشلار ! ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە ئۈچۈن ئالغا !» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . قەھرىمانلار چاقىرىقنى ئاڭلاپ ، تېخىمۇ پىداكارلىق بىلەن لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتتىن ئوقيادەك ئۆتۈپ ، شەھەرگە بۆسۈپ كىرىپ ، دۈشمەنلەر بىلەن جىددىي ئېلىشتى . ئىككى سائەت داۋام قىلغان شىددەتلىك جەڭ جەريانىدا دۈشمەننىڭ تەڭدىن تولىسى يوقىتىلدى ، قالغانلىرى بولسا ، شەرمەندىلەرچە قېچىپ كەتتى . قىزىل 4 ـ تۆەن لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى باتۇرلۇق بىلەن ئېلىپ ، ئۆزۈن سەپەر جەريانىدىكى يەنە بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى .

قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچى تەبىئىي توساق دادۇخې دەرياسىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىگە داغدۇغىلىق ھالدا ئاتلاندى .

## كۆنۈكمە

1 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭ ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ .

1 ) قىزىل ئارمىيە دۈشمەننىڭ مۇنداق <u>سۈيىقەستلىك</u>

ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئالدىقاچان كۆرۈپ يەتكەنىدى .
2 ) ھەممە ئىشتا ئالدىغا ئۆتۈۋېلىش ئارمىيىمىزنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىدى .
3 ) ئۇلار مانا مۇشۇ تەبىئىي توساقتا تايىنىپ تۇرۇپ ، قىزىل ئارمىيىگە قاراپ : «كېلىڭلار ! قېنى سىلەرنىڭ ئۇچۇپ ئۆتكىنىڭلارنى كۆرۈپ باقايلى !» دەپ ۋارقىراپ جار سېلىشتى .
2 . تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ :
1 ) ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى شىمالغا ماڭغان قىزىل ئارمىيە دادۇخې دەرياسىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە ، نېمە ئۈچۈن لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى ؟
2 ) قىزىل 4 ـ تۇەن قانداق ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى ؟ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشنىڭ مۇھىم كاپالىتى نېمە ئىدى ؟
3 ) ئارمىيىمىز قانداق ئۇسۇل ـ چارىلەر ئارقىلىق ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى ؟
4 ) لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى نېمە ئۈچۈن تەبىئىي توساق دەيمىز ؟
5 ) ئارمىيىمىز ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ ، لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى قانداق ئالدى ؟
3 . لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى تېزلىكتە ئېلىش جەريانىغا ئاساسەن ، تېكىستنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ، ھەربىر بۆلەكنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىڭ .
4 . كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ ھەمدە

كۆپ چېكىتلەر ئورنىغا قويۇلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئوخشى-
تىشلار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ، ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى
رولىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

1 ) بىردىن ، قارشى قىرغاقتا لۈدىڭچياۋ كۆۋرۈكىگە
قاراپ خۇددى ··· ، كېتىۋاتقان ھەددى - ھېسابسىز مەشئەل-
لەر كۆرۈندى .

2 ) بۇ ۋاقىتتا يامغۇر تېخىمۇ كۈچىيىپ ، ··· ياغقىلى
تۇردى .

3 ) توققۇز تال زەنجىر لۈدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنىڭ يۈزى
ھېسابلىناتتى ، كىشىلەر ئۈستىدا ماڭغاندا ئۇ ··· پۇلاڭلاپ
تۇراتتى .

4 ) قەھرىمانلار چاقىرىقنى ئاڭلاپ يېنىۋاتقان ئوتتىن
··· ئۆتۈپ ، شەھەرگە بۆسۈپ كىردى .

[illegible]

## * 9 . ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە[1]

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھەممە جايىنى ئەنسىز ـ لىك ۋە ئۆلۈم شەپىسى قاپلىغانىدى . گېرمانىيە فاشىستلى ـ رى بېسىۋالغان فرانسىيىدىمۇ شۇنداق : دېپو شەھىرىدە ئىشپىيونلار بەكمۇ قۇتراپ كەتتى . ھەربىر فرانسىيە پۇقرا ـ سى دۈشمەننىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا قالدى .

ئاماندبورودنىڭ ئۆيىمۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغانىدى . ئۇ دۈشمەن قولىغا ئەسىرگە چۈشكەندىن بۇيان ئۇنىڭ ئايالى بورود خانىم مەخپىي ھەرىكەتكە قاتنىشىپ ، ئېرىنىڭ كۈرە ـ شىنى داۋاملاشتۇردى . شۇڭلاشقا ، ئۇنىڭ ھاياتىلا ئەمەس ، بەلكى كىچىك ئوغلى ياك ۋە قىزى جېكۈيلىننىڭ ھاياتىمۇ خەۋپ ئاستىدا ئىدى . ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن ياك نۇرغۇن قېتىم ئاخبارات يەتكۈزۈش ، پوستتا تۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئادا قىلغانىدى . ئۇنىڭ يېشى كىچىك بول ـ غاچقا ، دۈشمەننىڭ دىققىتىنى قوزغىمايتتى . ئەمما ، ئۇمۇ بەزىدە ئۆز ھاياتىدىن خېلى ئەندىشە قىلاتتى . لېكىن ، ۋە ـ تەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ئۇنىڭ بۇ قورقۇنچىنى يې ـ ڭىپ كېتەتتى . ئۇ ئاپىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ بىخەتەرلى ـ كىنى ئويلىسىلا يەنە ئەندىشە قىلاتتى . دوستى پېردىن بولسا زوقلىناتتى ، چۈنكى پېر ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن بولسى ـ

① بۇ ھېكايىنىڭ ئاپتورى ئامېرىكىلىق ئاللون مېكفارلان .

مۇ ، مەخپىي پائالىيەتلەردە نۇرغۇن ئىشلارنى غەلىبىلىك ئورۇندىغانىدى .

ياكىنىڭ سىڭلىسى جېكۇيلىن 10 ياشتا بولۇپ ، ئۇمۇ ئەقىللىق ، چېچەن قىز ئىدى . ئۇ بۇ ئۇرۇشتا ئاپىسىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغانلىقىنى بىلەتتى . بەزى كېچىلىرى يوتقانغا پۈركۈنۈۋېلىپ يىغلايتتى . ئەمما ، ئاپىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قورقماس كۆرسىتىپ كۈلۈپ يۈرەتتى .

ھەر ھەپتىدە فرانسىيىلىك دېھقان قىياپىتىدىكى بىر ئادەم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىچىككىنە بىر تۈمۈر قۇتىنى ئەكىلىپ بېرەتتى . سۇ ئۆتمەيدىغان قىلىپ ھىم ياسالغان بۇ قۇتىدا ھەر خىل رەقەملەر ۋە شەرتلىك بەلگىلەر يېزىلغان ئاخبارات قەغىزى بار ئىدى . بۇ ، مەخپىي تەشكىلات ھەر خىل يوللار بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ئاخبارات بولۇپ ، بەزىدە ئۇنىڭدا پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئەھۋالى يېزىلغان بولاتتى ، بەزىدە بولسا ئالدىنقى سەپكە ياكى ئارقا سەپكە ماڭىدىغان گېرمانىيە پويىزلىرىنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى يېزىلغان بولاتتى . قىسقىسى ، بۇلار ھەم مۇھىم ، ھەم خەتەرلىك ئىش ئىدى ـ دە !

بورود خانىم مەخپىي ئالاقىچى كەلگۈچە بۇ كىچىك قۇتىنى ياخشى ساقلىشى كېرەك ئىدى . ئۇ قۇتىنى بەزىدە ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قوياتتى . بەزىدە قازاندىكى ئاشقان شورپىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قوياتتى . كۆپ چاغلاردا بولسا شامدانىنىڭ ئويمان يېرىگە تىقىپ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئازراق شام مېيى سۈركەپ ، ئاندىن شامنى تۇرغۇزۇپ قوياتتى . شام تىكلەنگەن شامدان ئۇستەل ئۇستىدە تۇرىۋېرەتـ

تى . دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار دائىم شامدانغا يېرىمى كۆيۈپ تۈگىگەن شامنى تىكلەپ قوياتتى . مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇلار نۇرغۇن قېتىم دۈشمەننىڭ ئاختۇرۇشىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كەتكەنىدى .

بىر كۈنى بورود خانىم بالىلىرى بىلەن كەچكى غىزانى يەپ بولۇپ ، ئۈستەل ئەتراپىدا ئولتۇراتتى . تۇيۇقسىز ئىشىك تاقىلدىدى . بورود خانىم ئىشىكنى ئاچتى . ئۆيگە ئۈچ نېمىس ئوفىتسېرى — بىر شاۋشياۋ ، بىر شاۋۋېي ۋە بىر جۇڭۋېي كىرىپ كەلدى . ئۇلار ئۆي ئىگىسىنىڭ تەكلىپ قىلىشىنى كۈتمەستىنلا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جۇڭۋېي كىشىنى بەكرەك ئەنسىزلىككە سالاتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ مۇشۇ شەھەردىكى دۈشمەن ئاخبارات ئورگىنىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى بورود خانىم ياخشى بىلەتتى .

— مەن قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ، باشلىقىمىزنىڭ قونالغۇ مەسىلىسىنى سۆزلەشكىلى كەلدىم . ئۇ كېلەر ھەپتىدە يېتىپ كېلىدۇ ، — دېدى شاۋشياۋ بورود خانىمغا فرانسۇز تىلىدا ناھايىتى راۋان سۆزلەپ .

— بولىدۇ ، — دېدى بورود خانىم ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ .

شاۋشياۋ يانچۇقىدىن پۈرلىشىپ كەتكەن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ شامنىڭ غۇۋا نۇرىغا تۇتۇپ كۆرۈشكە باشلىدى . شاۋۋېي ئورنىدىن تۇرۇپ شامداننى شاۋشياۋنىڭ ئالدىغىراق ئاپاردى . شاۋشياۋ قەغەزدىكى بەلگىلەرنى ناھايىتى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى مەيدە يانچۇقىغا سالدى . بۇ چاغدا كۆيۈپ ئاز قالغان شام پىشكەللىكتىن

بېشارەت بەرگەندەك پىلىلداپ قالدى . ھالبۇكى ، ئۇچ نېمىس ئوفىتسېرى يەنىلا نېمىس تىلىدا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى .

بورود خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىدىن يەنە بىر شامدان ئېلىپ چىقىپ ئۇستەلگە قويدى ـ دە ، بايىقى شامنى ئۆچۈرۈۋەتتى :

— ئەپەندىلەر ، بۇ شام يورۇقراق ، — دېدى ئۇ . يېڭى شامنىڭ كۈچلۈك يورۇقىدا ياكنىڭ چىرايىدىكى بايىقى جىددىيلىكنىڭ يوقالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

بىردىنلا شاۋۋىي سەرەڭگە يېقىپ ھېلىقى ئۆچۈرۈپ قويۇلغان ، تېخىچە ئىس چىقىپ تۇرغان شامنى ياقتى ـ دە :

— بۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە بىر شام ئارتۇق يېقىلسا تېخىمۇ يورۇقراق بولار ، — دەپ قويدى . ئۇ بۇ گەپنى بورود خانىمغا زاڭلىق ئارىلاش تەلەپپۇزدا كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى .

ئۆي ئىچىنى ۋەھىمە باستى ، بۇ ۋەھىمىلىك كەيپىيات سوزۇلماقتا ، ئەمما ھېلىقى ئاز قالغان شام بارغانچە كىچىكلەپ بارماقتا ئىدى . جېكۇيلىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاپىسى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ يۆلىنىپ تۇردى . بۇ بىر مەقسەتلىك قىلىنغان ئىش ئىدى . ئۇمۇ ئاپىسى بىلەن ئاكىسىغا ئوخشاشلا نېمىسلارنىڭ كۆيۈپ تۈگەپ كېتىۋاتقان شامغا قادىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى .

ياك ئۇستەلگە يېقىن كەلدى ـ دە :

— ئۆي مۇزلاپ كەتتى . مەن بىرئاز ئوتۇن ئەكىرەي ، — دەپ ئۇستەلدىن ھېلىقى كۆيۈپ ئاز قالغان شام بار شامداننى ئالدى .

ئۇ ئىشىك تەرەپكە بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندا شاۋۋىي دەس تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى ۋە :
— شام ئالمىساڭمۇ بولىدۇ ! — دېدى كەسكىن تەلەپ-پۇزدا .
ياك ئامالسىز شامداننى ئۇستەل ئۇستىگە قويۇپ ئۇس-تۇنكى قەۋەتتىكى بالىخانىغا چىقىپ كەتتى . قاراڭغۇ بالىخا-نىدا نېرۋىلىرى ئۇيۇشۇپ قالغاندەك بىلىنىپ ، بىر مىنۇت ۋاقىتمۇ بىر سائەتتەك تۇيۇلدى . ئۇ : «دوستۇم پېر هازىر كەلگەن بولسا ـ هە ! ئۇ ئەلۋەتتە ياخشى مەسلىهەت بەرگەن ۋە شام تېگىدىكى تۆمۈر قۇتىنى ساقلاپ قالغان بولاتتى ! » دېگەنلەرنى ئويلىدى . ئەمما ، هازىر ئۇ پېرنى ئىزدەشكە ئۇلگۈرەلمەيتتى . ئۇ ئەمدى «تۆمۈر قۇتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىغاندىمۇ چوقۇم ئاپامنىڭ يېنىدا بولۇشۇم كېرەك» دەپ ئويلىدى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ هاياتىمۇ شامنىڭ لىپىل-داپ ـ لىپىلداپ ئۆچكىلىۋاتقىنىغا ئوخشاشلا ئاخىرقى باس-قۇچتا تۇرۇۋاتاتتى . ياك قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۇرۇپ بىر قۇچاق ئوتۇننى ئالدى ـ دە ، هايالشىماي ئۆيگە كىردى . ئۇ ئوچاققا بىرنەچچە تال ئوتۇن سېلىپ بولۇپ ، يەنە ئورۇن-دۇققا كېلىپ ئولتۇردى . جېكۇيلىنىنىڭ ئاۋازى ئۇنى ئو-رۇندۇقتىن دەس تۇرغۇزۇۋېتىشكە تاس قالدى .
— باشلىق ئەپەندى ، كەچ بولۇپ كەتتى ، مەن ئۇخ-لاي ، ئۇستۇنكى قەۋەت بەك قاراڭغۇ ، مەن شامدىن بىرنى ئالسام بولامدۇ ؟ — دېدى ئۇ قىلچە هودۇقماي .
— قىزچاق ، ئەلۋەتتە بولىدۇ ، — شاۋشياۋنىڭ ئاۋازى ئاڭلىماققا مۇلايىمدەك ئىدى ، — دۇئېىسپلدورف شەهىرد-دە مېنىڭمۇ سەنچىلىك بىر قىزىم بار . ئۇنىڭ ئىسمى

لويس . سەن مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇپ ، قىزىم ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالامسەن ؟

شامنىڭ ئۇچقۇنى پىلىلدىغىلى تۇردى . شامدان ئۈستىدىكى شام ناھايىتى ئاز قالغانىدى . يەنە بىر ئازدىن كېيىن ئۇچقۇن بىر نەچچە لىپىلدايتتى ـ دە ، ئاندىن ئۆچەتتى ۋە ئاستىدىكى كۆيمەيدىغان قىسمى قالاتتى . بۇ ئىش ئەلۋەتتە نېمىسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى . ئۇ چاغدا ئۇلار ئىچىگە كىچىك تۆمۈر قۇتا تىقىلغان شام قالدۇقىنى كۆرۈۋالاتتى . بورود خانىمغا نېمىسلار گويا شامدىكى بۇ سىرنى بىلىپ قالغاندەك ، ئۇلار مەقسەتلىك ھالدا ۋاقىتنى سوزۇپ ئولتۇرغاندەك بىلىنىدى . جېكۇيلىن شاۋشياۋنىڭ ئالدىغا باردى . شاۋشياۋ ئۇنى قۇچاقلاپ قويدى . شام ئۇچقۇنى ئەمدى پىژىلداپ ئاۋاز چىقىرىپ ئاخىرقى كۆيۈشىنى كۆيمەكتە ،



يورۇقى بارغانچە ئاجىزلىماقتا ئىدى .

— بەك ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى ، لويىسنىڭ گېپىنى كېيىن ئاڭلىسام بولامدۇ ؟ — دەپ سورىدى جېكۆيلىن بوش ئاۋازدا .

— بولىدۇ قىزچاق ، — شاۋشياۋ جېكۆيلىننىڭ چېچىنى سىلاپ قويدى .

جېكۆيلىن ئۈستەل ئۈستىدىكى ھېلىقى شامداننى تەمتىرىمەي ئالدى ـ دە ، ئەدەپ بىلەن :

— خەير ، ئەپەندىلەر ، — دەپ قويدى . ئۇ ئاپىسىنى سۆيۈپ قويغاندا ، شامنىڭ كۆيمىگەن قىسمى كۆيۈپ بولاي دەپ قالغانىدى . جېكۆيلىن يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە قاراپ ماڭدى . بورود خانىمنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى ، ياك ئىككى قولى بىلەن تىزىنى چىڭ چاڭگاللىۋالغانىدى . نېمىس ئوفىتسېرلىرى كۆزىنى جېكۆيلىندىن يۆتكەپ ئالدىلىرىغا قاراشتى . جېكۆيلىن ئالدىرىماي ـ تەمتىرىمەي پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە چىقىپ بولدى ، شاممۇ ئۆچتى .

## كۆنۈكمە

1 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ .

1 ) دېپو شەھىرىدە ئىشپىيونلار بەكمۇ قۇتراپ كەتتى .

2 ) ئۇ دۈشمەن قولىغا ئەسىرگە چۈشكەندىن بۇيان ئۇنىڭ ئايالى بورود خانىم يەر ئاستى مەخپىي ھەرىكەتكە قاتنىشىپ ، ئېرىنىڭ كۈرىشىنى داۋاملاشتۇردى .

3 ) ئۇ بۇ ئۇرۇشتا ئاپىسىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ۋەزىيەتنى زىممىسىگە ئالغانلىقىنى بىلەتتى .

4 ) بۇ چاغدا كۆيۈپ ئاز قالغان شام پېشكەللىكتىن بېشارەت بەرگەندەك پىلىلداپ قالدى .

2 . تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ .

1 ) بورود خانىم نېمە ئۈچۈن مەخپىي ئالاقىچى كەلگۈچە بۇ كىچىك قۇتىنى ياخشى ساقلىشى كېرەك ؟

2 ) ياك نېمە ئۈچۈن «ئۆي مۇزلاپ كەتتى . بىر ئاز ئوتۇن ئەكىرەي » دەپ ، كۆيۈپ ئاز قالغان شام بار شامدانىنى ئېلىپ ماڭىدۇ ؟

3 ) شاۋشياۋ نېمە ئۈچۈن جېكۈيلىنىغا ئامراقلىق قىلىدۇ ؟ بۇ ئۇنىڭ ياخشى نىيەتلىك ، مېھرىبان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەمدۇ ؟

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەردە قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ .

1 ) ئۇمۇ بەزىدە ھاياتىدىن خېلى ئەندىشە قىلاتتى . لېكىن ، ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ئۇنىڭ بۇ قورقۇنچىنى يېڭىپ كېتەتتى .

2 ) ئۆي ئىچىنى ۋەھىمە باستى . بۇ ۋەھىمىلىك كەيپىيات سوزۇلماقتا ، ئەمما ، ئاز قالغان شام بارغانچە كىچىكلەپ بارماقتا ئىدى .

3 ) ئۇلارنىڭ ھاياتىمۇ شامنىڭ لىپىلداپ - لىپىلداپ ئۆچكىلىۋاتقىنىغا ئوخشاشلا ئاخىرقى باسقۇچتا تۇرۇۋاتاتتى .

# 10 . يامغۇر يېغىش ئالدىدا

1 ھاۋا تىنجىق ۋە دىمىق بولۇشقا باشلىدى . كۈن بۇلۇت ئارىسىغا يوشۇرۇندى ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق باستى . جاڭگاللار ، دەرەخلەر ۋە كۆكتاتلار ھەممىسى غەيرىي تۇسكە كىردى . كۈنپېتىش تەرەپتىن قاپقارا بۇلۇت كۆتۈرۈلدى . ئۇ چاپسانلىق بىلەن جاڭگاللىق ۋە يېزىنى بېسىپ كەلمەكتە .

2 تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭدىن يېقىمسىزلىق ھېس قىلىشقا باشلىدى . كالىلار بېشىنى ئىچىگە تىقاتتى ؛ ئاتلار قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ ، بۇرۇنلىرىنى كېرىپ ، ياياللىرىنى تىترىتىپ پۇشقۇراتتى . ھارۋىغا قوشۇلغان ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن توزۇغان توپىلار ئادەتتىكىدەك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەي ، ئېغىر قۇمغا ئوخشاش چاقلار تېگىگە چېچىلاتتى .

3 دەھشەتلىك بۇلۇت يېقىنلاشماقتا . ئۇزاق ئۆتمەي يىراقتىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى . ھەممە گويا ئادەتتىن تاشقىرى بىرنېمىنى كۈتكەندەك تىمتاسلىققا چۆمدى .

كۈن ئوچۇق ۋاقىتتا تىنىمسىز ئۇچۇپ ئوينىغان ، بەس- بەستە سايرىغان قۇشلار قاياقلارغا يوقالدى ؟ كۆكتاتلار ئارىسىدا توختىماي غوڭۇلدايدىغان قوڭغۇزلار ، تىنىمسىز چىرىلدايدىغان چېكەتكىلەر نەلەرگە كەتكەندۇ ؟ ھەم-

مىسى يوشۇرۇنغان ۋە ھەرىكەتتىن توختىغانىدى . دەرەخ-لەرمۇ ئىرغاڭلاشتىن توختىدى .

يېزىدىكى ئادەملەر كېرەكلىك نەرسىلەرنى ۋاقتىدا يى-غىشتۇرۇۋېلىشقا كىرىشتى . بىرنەچچە مىنۇتلۇق جىمجىت-لىق ھۆكۈم سۈردى .

چاڭگال تەرەپتىن ، دەسلەپكى خەۋەردەك چىققان شامال يېتىپ كەلدى . ئۇ ئادەملەرنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇشقا ، يوپۇر-ماقلارنى قىمىرلىتىشقا ، ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى تاقىلدىتىپ ، جالاقلىتىپ ئېچىپ - يېپىشقا باشلىدى . كو-چىدا كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلار دەرەخلەر ئارىسىدا غايىب بولدى .

شامال كەينىدىن ئاستا - ئاستا يول بويلاپ توپا - چاڭ ، چاۋا - چاتقاللارنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ قۇيۇن چىقماق-تا . ئەنە ، قۇيۇن يېزىغا يېتىپ كېلىپ ، تام تۆپىسىدىكى ، ئۆگزىلەردىكى چىرىگەن ئوتلارنى ، سامان ، بىدىلەرنى ئۇ-چۇرتۇپ چۇشتى . شامال توخۇ پەيلىرىنى ئۇچۇرتۇپ ، ئاس-ماننىڭ قەرىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى . قۇيۇن ئۆتۈپ كەت-تى . يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى .

دانە - دانە يامغۇر تامچىلىرى يەرگە توكۇرلاپ چۈش-تى ؛ دەررۇ چاقماق چېقىلدى . كىشىلەر ئالدىراشلىق بىلەن ئىشىك ئالدىدىكى نەرسە - كېرەكلىرىنى ئۆيگە ئېلىپ كى-رىپ كەتتى ، دېرىزىلىرىنى ئەتتى . بىردىنلا يامغۇر شارقى-راپ قۇيۇۋەتتى .

گۈلدۈرماما ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرىنى بېسىپ ، گۈلدۈرلەپ ھاۋاغا تارقالدى .

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى توغرا ، ئۇنلۇك ئوقۇڭ ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ .

1 ) يامغۇر يېغىش ئالدىدا ھاۋادا قانداق ئۆزگىرىش بولدى ؟

2 ) تەبىئەتتە ، ھايۋانلاردا ، ئۇچار قۇش ، جان - جانىۋارلاردا قانداق ئۆزگىرىش بولدى ؟

3 ) شامال ۋە قۇيۇن چىققاندا قانداق ئىشلار يۈز بەردى ؟

4 ) يامغۇر تامچىلىغاندا نېمە چېقىلدى ؟ ئادەملەر قانداق قىلدى ؟

2 . ئۆز چۈشەنچىڭىزگە ئاساسەن ، يامغۇر يېغىش ئالدىدىكى مەنزىرىلەرنىڭ قانداق تەرتىپ بويىچە بايان قىلىنغانلىقىنى ۋە ۋەقەلىك راۋاجىنىڭ قايسى تەرتىپ بويىچە تەسۋىرلەنگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ .

3 . تېكىستنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى بويىچە ، ئۆزىڭىز تۇرغان جاينىڭ يامغۇر يېغىش ئالدىدىكى ئۆزگىرىشلىرىنى ، ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارنىڭ قانداق قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەپ ، قىسقا پارچە يېزىپ كېلىڭ .

# ۋەقەلىكنى راۋاجلىنىش تەرتىپى بويىچە يېزىش

سۆزلىگەندىمۇ، ئەسەر يازغاندىمۇ تەرتىپ بولۇشى كې-رەك. بىرەر ۋەقەنى بايان قىلغاندا ئادەتتە شۇ ۋەقەنىڭ راۋاجلىنىش تەرتىپى بويىچە يېزىش كېرەك. بىز يۇقىرىدا ئۆگىنىپ ئۆتكەن «لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى تېزلىكتە ئې-لىش» دېگەن تېكىست مانا شۇنداق يېزىلغان. لېكىن، ۋەقەلىكنى راۋاجلىنىش تەرتىپى بويىچە يازغاندىمۇ مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان ئىشلارنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇبتا يېزىشقا بولىدۇ.

«لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى تېزلىكتە ئېلىش» دېگەن ماۋزۇدىنلا مۇھىم نۇقتىنىڭ لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى «تېز-لىكتە ئېلىش» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

قانداق قىلىپ «تېزلىكتە ئېلىش» كېرەك؟ تېكىستتە ئىككى نۇقتا بويىچە ۋاقىت تالىشىش، يەنى يۈگۈرۈش مۇسا-بىقىسى ئېلىپ بېرىش يېزىلغان. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھ-بەرلىك قىزىل 4 ـ تۇەنگە يىگىرمە نەچچە سائەت ئىچىدە لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى ئېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. يار-دەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەن ئارمىيىسىمۇ لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈ-كىگە قاراپ ماڭدى. ئىككى تەرەپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشىدۇ، «ھەممە ئىشتا ئالدىغا ئۆتۈۋېلىش، ئارمىيىمىز-

نىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىدى» . ئاپتور بۇ نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ ، ئارمىيىمىزنىڭ دۈشمەن بىلەن ۋاقىتنى قانداق تالاشقانلىقىنى ئىككى ئابزاس ئارقىلىق كونكرېت بايان قىلىپ بەرگەن .

ئەمدى تەبىئىي توساققا ھۇجۇم قىلىش يېزىلغاندا ، ئاپتور ئالدى بىلەن ، بىر ئابزاس بىلەنلا لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈ-كىنىڭ قانداق «تەبىئىي توساق» ئىكەنلىكىنى كونكرېت ۋە ئىخچام تەسۋىرلىگەن . كۆۋرۈكنىڭ يېنى ، كۆۋرۈك يۈزى-دىن تارتىپ كۆۋرۈكنىڭ ئېگىزلىكىگىچە ، لۇدىڭ شەھىرى-دىكى دۈشمەنلەرنىڭ مۇداپىئەلىنىشىدىن تارتىپ ، ئۇلارنىڭ خورىكىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىگىچە يازغان ؛ يەنى ، «قېنى سىلەرنىڭ ئۇچۇپ ئۆتكىنىڭلارنى كۆرۈپ باقايلى !» دېگەن بىر جۈملە بىلەن «تەبىئىي توساق»تىن ئۆتۈشنىڭ ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەسلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن .

ئەمما ، قىزىل ئارمىيىمىز قانداق «تەبىئىي توساق» بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ . ئاپتور بۇ نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ ، ئىككى ئابزاس ئارقىلىقلا ، قىزىل ئارمىيىمىزنىڭ تەبىئىي توساقتىن قانداق قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كونكرېت بايان قىلىپ بەرگەن . ئۇ 2 - لىيەننىڭ زەربىدار ئەترەت بولۇپ قارشى قىرغاققا ئۆتۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ، 3 - لىيەندىكى جەڭچىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ كەينىدىن كۆۋرۈككە تاختاي ياتقۇزۇپ ماڭغانلىقى-نى يازغان ، يەنە باشلىقلارنىڭ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ، جەڭگە قوماندانلىق قىلىپ ، ئومۇمىي ھۇجۇم باشلىغانلىقى-نىمۇ يازغان . ئەڭ ئاخىرىدا ، قىزىل ئارمىيىنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلىپ

بەرگەن .

بۇ ئەسەردىن بىز مۇنداق ئىككى نۇقتىنى چۈشىنىۋالا-
لايمىز :

1 . ۋەقەلىكنى تەرەققىيات تەرتىپى بويىچە يېزىش ،
ئىلگىرى - كېيىنلىكىنى ئايرىماي يېزىشتىن ، رىتىمنى
قالايمىقان قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىش لازىم ، ئۇنداق قىلمى-
غاندا ، باش- ئاخىرىنى تاپقىلى بولماي قالىدۇ . ھەرقانداق
ۋەقە مەلۇم ۋاقىت ، مەلۇم ئورۇندا يۈز بېرىدۇ ۋە راۋاجلى-
نىدۇ . «لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىدىن تېزلىكتە ئۆتۈش»نى ئال-
ساق ، قىزىل 4 - تۈەننىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ۋاقىت ۋە
ئورۇندىن ئايرىغىلى بولمايدۇ . قىزىل 4 - تۈەن بۇيرۇق
تاپشۇرۇۋالغان ۋاقىت — 28 - ماي ئەتىگەن ، ئورنى —
لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىدىن 240 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جاي ؛
قىسىم يولغا چىقىپ ، كەچ سائەت يەتتىدە ، لۇدىڭچياۋ كۆۋ-
رۈكىدىن يەنە 110 چاقىرىم نېرىدا تۇرغان ؛ چېلەكلەپ
قۇيغاندەك يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ ،
29- ماي سەھەردە لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىگە يېتىپ كەلگەن ؛
ئومۇمىي ھۇجۇم باشلانغاندىن كېيىن ، ئىككى سائەت شىد-
دەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق ، لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى ئال-
غان . ۋاقىت ئالغا سۈرۈلۈپ ، ئورۇن ئالمىشىپ تۇرغان ،
پۈتكۈل جەڭ ۋەقەلىكنىڭ راۋاجلىنىش تەرتىپى بويىچە يې-
زىلغان .

2 . ۋەقەلىكنى راۋاجلىنىش تەرتىپى بويىچە يازغاندا ،
يەنىلا ۋەقەلىكنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، مۇھىم نۇقتى-
نى تۇتۇپ يېزىش كېرەك ، شۇنداق قىلغاندىلا ، ئوقۇرمەن-
لەرگە بېرىدىغان تەسىرى بىرقەدەر چوڭقۇر بولىدۇ . ئەگەر

ۋەقەلىك راۋاجلىنىش تەرتىپى بويىچىلا تۈپتۈز يېزىلسا، ئىش - ۋەقەلەر بىر - بىرلەپ خۇددى ھېسابات دەپتىرىدەك يېزىلىۋەرسە، ئوقۇغان بىلەنمۇ زوق ئالغىلى بولمايدۇ، بەرگەن تەسىرىمۇ چوڭقۇر بولمايدۇ.

## ئۈچىنچى مەشىق

1 . مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قاي-
تىدىن رەتلەپ يېزىڭ .

1 ) ئويۇن قويۇش   مەشىق قىلىش   ئۇسسۇل ئوي-
ناش   تارقاپ كېتىش   ناخشا ئېيتىش

2 ) ئورەك كولاش   سۇ قۇيۇش   توپا يۆلەش
كۆچەت قويۇش

3 ) چۈش پېشىن   گۇگۇم سەھەر   چۈشتىن كې-
يىن

4 ) هوسۇل يىغىش   يەر ئاغدۇرۇش   سۇغىرىش
ئوت ئوتاش   ئۇرۇق چېچىش

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ ، چېكىت-
لىك پەش ( ؛ ) نىڭ قانداق ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىۋې-
لىڭ .

1 ) دېڭىزنىڭ غايەت زور دولقۇنى يوپۇرۇلۇپ كەلگەن-
دە ، ھەممەيلەننى يۇتۇپ كەتكەندەك سېزىلدى ؛ دولقۇن
كەينىگە يانغاندا ، ئادەملەر سۇ يۈزىدە يېڭىۋاشتىن كۆرۈن-
دى .

2 ) قۇشلار ئارىلىغا بېرىپ قالسىڭىز ، قۇشلار توپ-
توپ بولۇپ سىزنى قارشى ئالغىلى ئالدىڭىزغا كېلىدۇ ؛
ئالدىڭىزغا قاراپ مېڭىۋەرسىڭىز ، ئىككى ياندا قاتار تىزى-
لىپ ، يول بوشىتىپ بېرىدۇ ؛ بىر جايدا توختىسىڭىز ،

باشلىرىنى قىيسايتىپ ، دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارايدۇ ؛
ئارالدىن قايتقان ۋاقتىڭىزدا ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ ناخشا
ئېيتىپ ، سىزنى ئۇزىتىپ قويىدۇ .

3 ) بۇ ئاجايىپ - غارايىپ بۇلۇتلارنىڭ بەزىلىرى ئاپ-
ئاق مامۇقلارغا ئوخشاش لەيلەپ لەرزان ئۈزىدۇ ؛ بەزىلىرى
سۈپسۈزۈك زۇمرەت كۆلدىكى ئۇششاق دولقۇنلاردەك جى-
مىر - جىمىر قىلىشىدۇ ؛ يەنە بەزىلىرى ، بەئەينى بىر توپ
يايلاپ يۈرگەن قويىدەك ، ئالدىرىماي تەرەپ - تەرەپكە يېيى-
لىدۇ ؛ بەزىلىرى بولسا ، قېلىن ۋە يوغان يوتقاندەك ، ئاس-
مان بوشلۇقىغا لىققىدە كېلىپ ، ئاسماننى قاپلايدۇ .

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭ ، ئاستى سىزىلغان
سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭ ، شۇنداق دېيىش توغرىمۇ ؟

(1) قىزىل 4 - تۆەننىڭ جەڭچىلىرى لۈدىڭچياۋ كۆۋ-
رۈكىنىڭ ھېچنېمىسى قالمىغانلىقىنى كۆرۈشتى .

(2) سىنىپىمىزدىكى كىچىك پۇتبولچىلار سىنىپلار
ئارا پۇتبول مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولىمىز ، دەپ جېنى
چىققۇدەك توپ تېپىپ ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى .

4 . ئۆز بېشىڭىزدىن كەچۈرگەن ئەھمىيەتلىك بىر
ئىشنى ۋەقەلىكنىڭ راۋاجلىنىش تەرتىپى بويىچە يېزىپ
كېلىڭ . مۇھىم يەرلىرىنى تەپسىلىي ، كونكرېت يېزىشقا
دىققەت قىلىڭ .

5 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ئوخشىتىشلارنىڭ
ئاستىغا سىزىڭ . نېمىنىڭ نېمىگە ئوخشىتىلغانلىقىنى يې-
زىڭ .

1 ) ئېرىگەن قار سۇلىرى ئېگىز - ئېگىز تاغلاردىن
شارقىراپ ئېقىپ چۈشكەندە ، ھېسابسىز پارقىراق كۈمۈش

شايىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ .

2 ) قىزىل ، سېرىق ، كۆك ، ئاق ، سۆسۈن ئېچىلغان رەڭدار گۈللەر خۇددى ئاسماندىكى ھەسەن - ھۈسەندەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ .

3 ) بۇ گۈل خۇددى جانان چىنىدەك يوغان ئېچىلىدۇ .

6 . تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنى يېزىڭ .

| | |
|---|---|
| دوست — ( ) | قاتتىق — ( ) |
| ئېغىر — ( ) | تاتلىق — ( ) |
| كېچە — ( ) | ھەق — ( ) |
| يۇقىرى — ( ) | كونا — ( ) |
| ئورۇق — ( ) | ئاز — ( ) |

7 . تۆۋەندىكى شېئىرنى ئۈنلۈك ، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭ ھەم يادلىۋېلىڭ . ئوخشىتىشلارنى تېپىپ ئاستىغا سىزىڭ ، نېمىنىڭ نېمىگە ئوخشىتىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

## ئارزۇ

ئالتە كۈنلۈك ئالتۇن ئاي
ئالتۇن تارغىقىم بولسا .
رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەن
شايى ياغلىقىم بولسا .

زەر ھالقامغا چولپاننى
ياقۇت كۆز قىلىپ سالسام .
يۇلتۇزنى قىلىپ مارجان
بوينۇمغا ئېسىپ ئالسام .

تاغلار شاھى — خانتەڭرى
خۇشناۋا دۇتار بولسا .
دولقۇنلۇق ئىلى ، تارىم
دۇتارىمغا تار بولسا .

شوخ ناخشا ـ مۇقامىمنى
بىر ئۆمۈر جاراڭلاتسام .
ئارزۇيۇم ـ مۇرادىمنى
كەڭ جاھانغا ئاڭلاتسام .

# 11 . بۆدۈنە[1]

مەن سىلەرگە ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى هېكايە قىلىپ بېرەي . ئۇ چاغدا مەن ئون ياشتا ئىدىم . ياز كۈنى ئىدى . دادام بىلەن روسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىشلاقتا تۇراتتىم . قىشلاقنىڭ ئەتراپى كەڭ كەتكەن تۈزلەڭ دالا ئىدى . يېقىن ئەتراپتا نە دەل ـ دەرەخ ، نە دەريا يوق ئىدى . پەقەت چاتقال قاپلاپ كەتكەن ، ئانچە چوڭقۇر بولمىغان بىر ئېرىقلا بولۇپ ، ئۇ خۇددى يېشىل يىلاندەك تۈزلەڭ يايلاقنى كېسىپ ئۆتەتتى . گاهى تىك قىيا تېگىدە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۇلىرىنى كۆرۈشكە بولاتتى ، بۇلاققا بارىدىغان بىر چىغىر يول بار ئىدى . بۇلاق ياقىسىدىكى سازلىق ، پاتقاقلىقلار تۈرلۈك قۇشلار ۋە جان ـ جانىۋارلارنىڭ ئىزلىرى بىلەن تولغانىدى . ئۇلارمۇ ئادەمگە ئوخشاش سۈزۈك سۇغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق ئىدى .

دادام ئوۋ ئوۋلاشقا خۇمار ئادەم ئىدى . قولى ئىشتىن سەللا بوشاپ قالىدىكەن ، هاۋا ئوچۇق بولسىلا ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىپ ، بويىنىغا تور خالتىسىنى ئېسىپ ، «تىرىزور» دېگەن قېرى ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ چىل ۋە بۆدۈنە ئوۋلاشقا چىقاتتى . ئۇ توشقان ئوۋلاشنى ئانچە كۆزگە ئىلمايتتى ، ئۇنى تايغان ئەگەشتۈرگەن ئوۋچىلارغا قالدۇراتتى . كۆز

① بۇ هېكايىنىڭ ئاپتورى روسىيە يازغۇچىسى تۇرگېنېف (1818 — 1883 - يىللار ) .

پەسىلدە بۇ يەردە ئۆردەكلەردىن بۆلەك قۇش قالمايتتى. لېكىن، بۆدۈنە بىلەن چىل ناھايىتى كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ چىل قەۋەتلا جىق ئىدى. ساي بويلىرىدا ئۈلارنىڭ دۈگىلەك قىلىپ قېزىپ ياسىغان ئۇۋىلىرى دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. قېرى تىرىزور بىرەر نەرسىنىڭ تىۋىشىنى سەزگەن ھامان، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، ئاۋاز چىققان جايغا قاراپ قادىلىپلا قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا دادامنىڭ چىرايى ئاقىرىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مىلتىقىنى بەتلەيتتى. دادام ئوۋغا كۆپ چاغلاردا مېنى بىللە ئېلىپ چىقاتتى… مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشاللىناتتىم. مەن ئىشتىنىمنىڭ پۇشقىقىنى ئۆتۈكنىڭ ئىچىگە تىقىپ، سۇدانىمنى بوينۇمغا ئېسىپ، بەئەينى ئوۋچىلاردەك بولۇۋالاتتىم. ئىتتىك ماڭغاچقا، پۈتۈن ئەزايىم قارا تەرگە چۈمۈلۈپ كەتسىمۇ، لېكىن قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلماي، دادامنىڭ كەينىدىن قالمايتتىم. ھەر قېتىم مىلتىق ئاۋازى بىلەن تەڭلا ئۆردەكلەر يەرگە پۇلاڭلاپ چۈشەتتى. مەن خۇشاللىقىمدىن قىنقىنىمغا پاتماي سەكرەپ كېتەتتىم، ھەتتا بەزىدە ۋارقىرىۋېتەتتىم. يارىلانغان ئۆردەك يا ئوت- چۆپلەر ئۈستىدە، يا تىرىزورنىڭ ئاغزىدا جان تالىشىپ، قاناتلىرىنى پالاقلىتاتتى. يارىلانغان يەرلىرىدىن قان شۇرقىراپ ئېقىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ماڭا دائىم قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى، ھەرگىز ئىچىم ئاغرىمايتتى. ئەگەر ماڭا ئۆز قولۇم بىلەن چىل ۋە بۆدۈنىلەرنى ئېتىش ئىمكانىيىتى بېرىلگەن بولسا، مەنمۇ ھېچبىر ئەيمەنمەستىن ئاتقان بولاتتىم! بىراق، دادام ماڭا ئون ئىككى ياشقا كىرمىگۈچە مىلتىق تۇتقۇزمايدىغانلىقىنى، مىلتىق بەرگەندىمۇ يالغۇز ئاتار مىلتىق بېرىدىغان-

لىقىنى ، شۇنىڭدىمۇ بوز تورغاينىلا ئېتىشىمغا يول قويىدى-
غانلىقىنى ئېيتقانىدى ، بوز تورغاي بىزنىڭ بۇ يەردە ناھايى-
تى كۆپ ئىدى . ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئۇلار توپ - توپ
بولۇپ ، كۆك ئاسماننىڭ قەرىدە ئايلىنىپ ئۇچۇشاتتى ، ئۇ-
لارنىڭ ئاۋازى كىشىگە قوڭغۇراق ساداسىنى ئەسلىتەتتى .
مەن بۇ كەلگۈسىدىكى ئولجىلىرىمغا قاراپ ، مىلتىق ئورنىدا
بويۇنۇمغا ئېسىپ يۈرگەن تايىقىم بىلەن ئۇلارنى قارىغا ئې-
لىپ ئوينايتتىم . ئۇلار يەردىن ئىككى مېتىر چامىسىدا
كۆتۈرۈلۈپ قايتا تۆۋەنلەپ ، ئوت - چۆپ دۆۋىسى-
نىڭ ئۈستىگە چۈشۈشكە تەمشىلىپ پۇرۇلداپ تۇرغاندا ئې-
تىشقا تولىمۇ ئوڭاي بولاتتى . بەزىدە دالىلاردىكى ئېگىزلىق-
لاردا ياكى قورايلىقلارنىڭ ئارىسىدا دوغداقلارمۇ كۆرۈنۈپ
قالاتتى . مەن : «مۇشۇنداق چوڭراق قۇشتىن بىرنى ئېتى-
ۋالغان بولسام ، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق ئىدى» دەپ ئويى-
لايتتىم .

2- بىر قېتىم ، پېترو بايرىمىنىڭ ھارپىسىدا ، مەن دادام
بىلەن ئوۋغا چىقتىم . بۇ مەزگىلدە چىللار تېخى كىچىك
بولغاچقا ، دادام ئۇلارنى ئاتقۇسى كەلمەي ، قارا بۇغداي
تەرگەن يەرنىڭ بېشىدىكى ئۇششاق دۈپ كۆچەتلىكىگە قاراپ
ماڭدى . بۇ جايلاردا قاچانلا بولسا بۆدۈنە ئۈكسۈمەيتتى .
ئورۇشقا ئەپ كەلمىگەنلىكتىن ، بۇ يەرلەرنىڭ ئوت - چۆپى
ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئورۇلماي ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەنىدى ،
بۇ يەردە چىرايلىق گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى .
بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇچقۇلاقا ئوخشاش ئوت - چۆپلەر ،
جۇڭگو چىنە گۈلىدەك چىرايلىق گۈللەر بار ئىدى . مەن
يا سىڭىللىرىم بىلەن ، يا ئۆيدىكى خىزمەتچى ئايال بىلەن

بۇ يەرگە كەلگىنىمدە ، ھەممە ۋاقىت قۇچىقىمنى رەڭگارەڭ
گۈللەرگە تولدۇرۇپ كېتەتتىم . لېكىن ، مەن دادام بىلەن
بىللە كەلگىنىمدە گۈللەرنى ئۈزمىدىم ، چۈنكى مۇنداق قىز-
لىش ئوۋچىلارغا لايىق ئىش ئەمەس ، دەپ قارايتتىم . تو-
ساتتىن تىرىزور بىر يەرگە قادىلىپلا قالدى . دادام ئۇنىڭغا :

— توت ! — دەپ ۋارقىرىدى .

دەل شۇ چاغدا تىرىزورنىڭ تۇمشۇقى ئاستىدىن بىر
بۆدۇنە سەكرەپ چىقتى - دە ، ئۇچۇپ كەتتى . لېكىن ،
ئۇنىڭ ئۇچۇشى بىر قىسمىلا ئىدى . ئۇ ئوق تېگىپ يارىلان-
غان ، يا بولمىسا قانىتى سۇنۇپ كەتكەندەك موللاق ئېتىپ ،
چۆرگىلەپ ، گاھ ئۇياققا ، گاھ بۇياققا پۇلاڭلاپ يەرگە چۈ-
شۈپ كېتەي - چۈشۈپ كېتەي دەپ ئارانلا ئۇچاتتى . تىرى-
زور جېنىنىڭ بارىچە ئۇنى قوغلاشقا باشلىدى ... ئەگەر
بۆدۇنە ئۇدۇل ئالدىغا قاراپ ئۇچقان بولسا ، ئىتمۇ ئۇنچىۋالا
قوغلىمىغان بولار ئىدى . دادام مىلتىق ئېتىشقا ئامالسىز
قالدى ، ئۇ ئوق چىقارسا ئىتقا تېگىپ كېتىشىدىن قورقتى .
بىرئازدىن كېيىن تىرىزور سەكرەپ بېرىپ بۆدۇنىنى گۇپ-
پىدە قىلىپ بېسىۋالدى - دە ، چىشلەپ دادامغا ئەكېلىپ
بەردى . دادام بۆدۇنىنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇنى ئالىقىنىنىڭ
ئۈستىگە ئوڭدىسىغا قويۇپ تۇتۇپ تۇردى . مەن يۈگۈرۈپ
يېنىغا كېلىپ :

— قانداق ، ئۇ ئەسلىدە يارىلانغانمىكەن ؟ — دەپ سو-
رىدىم .

— ياق ، ئۇ يارىلانمىغان . جەزمەن مۇشۇ ئەتراپتا ئۇ-
نىڭ ئۇۋىسى ۋە بالىلىرى بولۇشى مۇمكىن . شۇڭا ، ئۇ
ئىتنى ئالداپ ، يارىلانغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ، ھېلى تو-

تۇلۇپ قالىدىغاندەك ھالەتتە قاچتى ، — دېدى دادام .
— نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغاندۇ ؟ — دەپ يەنە سورىدىم مەن .
— ئىتنى ئېزىقتۇرۇپ بالىلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۇچۇن مۇشۇنداق قىلغان . ئەگەر يەنە ئازراقلا ئۇچقان بولسا ، ئوبدانلا ئۆرلەپ ئۇزاپ كەتكەن بولاتتى ، لېكىن ئۇ خېلى قوغلانغاندىن كېيىن ئۇچاي ، دەپ تۇرۇشىغا بايقىماستىن تىرىزورنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپ قالدى ، — دېدى دادام .
— ئۇنداقتا ئۇ يارىلانمىغان ئىكەن ـ دە ؟ — دەپ قايتا سورىدىم مەن .
— ياق ... بىراق ، بۇ تىرىك قالماسمىكىن ... تىرىزور قاتتىق چىشلىۋەتكەن بولسا كېرەك .
مەن ئاستاغىنا بۆدۈنىگە يېقىن باردىم . ئۇ دادامنىڭ ئالىقىنىدا بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا قىمىرلىماي ياتاتتى . ئۇ قوڭۇر كۆزىنىڭ قىرى بىلەن ماڭا قارىدى . ئەنە شۇ چاغدا كۆڭلۈم ئېرىپلا كەتتى ۋە ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدى . ئۇ ماڭا قارىغىنىدا «مەن نېمە ئۇچۇن ئۆلىمەن ؟ نېمە ئۇچۇن ؟ مەن مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلدىم ، مەن بالىلىرىمنى قۇتقۇزۇش ئۇچۇن ئىتنى ئۇۋىدىن يىراقلاراق باشلاپ كېتىشكە تىرىشتىم ، لېكىن ئۆزۈم پالاكەتكە دۇچار بولۇپ تۇتۇلۇپ قالدىم ، ئەمدى تۈگەشتىم ! مەن نېمىدېگەن بىچارە ـ ھە ! ؟ بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك ، نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك ! » دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى .
— دادا ! — دېدىم مەن ، — ھېلىمۇ بولسا ئۆلمەي ئامان قالار ...
بۆدۈنىنىڭ بېشىنى سىلىغۇم كېلىپ كەتتى . لېكىن ،

دادام ماڭا :

— ياق ، ئۇ بولالمىدى ! قاراپ تۇرغىن ، هازىر بۇنىڭ پۇتلىرى سوزۇلۇپ ، بارلىق ئەزايى تىترەك بېسىپ دىرىل-دەيدۇ - دە ، ئاندىن كۆزى يۇمۇلىدۇ ، — دېدى .

دېگەندەكلا شۇنداق بولدى ، ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇلغان چاغدا مەن يىغلىۋەتتىم ، دادام :

— نېمىشقا يىغلايسەن ؟ — دەپ كۇلۇپ كەتتى .

— مېنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى ، ئۇ ئۆز ۋەزىپىسى-نى ئورۇندىدى ، ئۇنى بىكاردىنلا ئۆلتۈردۇق ، بۇ تولىمۇ ناهەقچىلىك ، — دېدىم مەن .

— ئۇ قۇۋۇلۇق قىلىمەن دېۋىدى ، ئەمما تىرىزورنىڭ قۇۋۇلۇقى ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتتى ، — دېدى دادام .

ئىچىمدە «تىرىزور رەھىمسىز !» دېدىم . دادام ماڭا رەھىمسىز كىشىدەك كۆرۈندى . بۇ قانداقمۇ قۇۋۇلۇق بول-سۇن ؟ بۇ قۇۋۇلۇق ئەمەس ، بۇ بۆدۈنىنىڭ ئۆز بالىلىرىنى تولىمۇ ئەزىز كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ! ئۇ بالىلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئەتەي شۇنداق ئۇچقان تۇرسا ، تىرى-زور ئۇنى تۇتماسلىقى كېرەك ئىدى .

دادام بۆدۈنىنى قوش سالىدىغان تور خالتىسىغا سېلى-ۋاتقاندا مەن ئۇنىڭدىن بۆدۈنىنى سورىۋېلىپ ، ئۇنى ئاۋايلاپ ئالىقىنىمغا قويۇپ تىرىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، دەپ ئۇنىڭغا ئىسسىق ئۆتكۈزمەك بولۇپ ، ئېغىز هورۇم بىلەن پۈۋلەشكە باشلىدىم ، لېكىن ئۇ قىمىر قىلمىدى .

— هەي ئوغلۇم ، بىكار ئاۋارە بولما ، ئۇنى تىرىلدۈ-رەلمەيسەن ، كۆرمىدىڭمۇ ، ئۇنىڭ باشلىرىنىڭ ساڭگىلاپ كەتكىنىنى ، — دېدى دادام .

مەن ئاستاغىنا ئۇنىڭ تۇمشۇقىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ قويۇۋېدىم، بېشى يەنە لاسسىدە چۈشۈپ كەتتى.

— سېنىڭ بۇنى تېخى ئاياپ تۇرغۇنىڭمۇ بۇ؟ — دەپ سورىدى دادام مەندىن.

— مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۇششاق باللىرىنى كىممۇ با-قار؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدىم مەن.

دادام ماڭا كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ:

— سەن غەم يېمە، ئۇلارنى ئەمدى دادىسى باقىدۇ. مانا قارا، تىرىزور يەنە بىر يەرگە قادىلىپ قاپتۇ. بۇ يەردە مۇشۇ بۆدۈنىنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى دادام.

دېگەندەك، شۇ جايدىن بۆدۈنىنىڭ ئۇۋىسى چىقتى.

تىرىزور تۇرغان يەردىن ئىككى چامدام نېرىدىكى كو-كاتنىڭ ئارىسىدىكى تار ئۇۋىدا قاتىرىسىغا تۆت بۆدۈنە بالى-سى ياتقانىكەن. بۇلار بىر - بىرىگە چاپلىشىپ، بويۇنلىرى-نى سوزۇپ، جىددىي نەپەس ئېلىشىپ، تىترىشىپ يېتىپ-تۇ... بۆدۈنە باللىرى تېخى يېڭىدىن تۆمۈر قانات بولاي دەپتۇ. يۇمشاق ماmۇق تۈكلىرى تۈگەپتۇ، پەقەت قۇيرۇقلى-رىلا ناھايىتى قىسقا ئىدى. مەن بار ئاۋازىم بىلەن:

— دادا! تىرىزورنى چاقىرىۋالغىن، بولمىسا باللىرى-نىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدىم.

دادام تىرىزورنى چاقىرىۋالدى ۋە غىزالىنىش ئۈچۈن نېرىراق بىر يەرگە بېرىپ، بوك دەرەخزارلىقنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. مەن ئۇۋىنىڭ يېنىدا قالدىم، ئەتىگەنلىك تاماق-نىمۇ يېگۈم كەلمىدى. مەن يانچۇقۇمدىن پاكىز قولياغلى-قىمنى ئېلىپ يايدىم - دە، بۆدۈنە باللىرىنى ئۇنىڭ ئۇس-

تنگه قويدۇم :
— بىچارە يېتىملەر ، قاراڭلار ! مانا سىلەرنىڭ ئاناڭ-
لار ! ئۇ سىلەرنى دەپ ئۆزىنى قۇربان قىلدى ! — دېدىم
مەن .
بۆدۈنە باللىرى بولسا بۇرۇنقىدەكلا پۇتۇن بەدىنى دى-
رىلداپ تېز - تېز نەپەس ئېلىپ يېتىشاتتى . دادامنىڭ
يېنىغا بېرىپ :
— مۇشۇ بۆدۈنىنى ماڭا بېرەمسىز ؟ — دېدىم .
— ئېلىۋەرگىن ، ئۇنى نېمە قىلماقچىسەن ؟
— مەن ئۇنى يەرلىككە قويماقچىمەن .
— يەرلىككە ؟
— ھەئە ، ئۇۋىسىنىڭ يېنىغا كۆمۈپ قويماقچىمەن .
بەكىنگىزنى ماڭا بېرىڭ ، مەن ئۇنىڭغا يەرلىك كولاي .
دادام ئىنتايىن ھەيران بولدى .
— ئۇنىڭ باللىرى ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ
تۇرسۇن ، دېمەكچىمۇ سەن ؟ — دەپ سورىدى دادام .
— ياق ، ئۆزۈمچە شۇنداق قىلغۇم كەلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ
ئۇۋىسىنىڭ قېشىدىراق ياتقىنى ياخشى بولار ، دەپ ئويلاي-
مەن ، — دېدىم .
دادام ئۇنچىقمايلا بەكىنى ئېلىپ ماڭا بەردى . مەن
دەرھال كىچىككىنە بىر ئورەك كولىدىم ۋە بۆدۈنىگە يۇزۇمە-
نى يېقىپ ، ئاندىن ئۇنى ئورەككە سېلىپ توپا بىلەن كۆمۈپ
قويدۇم . ئۇنىڭدىن كېيىن بەكە بىلەن ئىككى تال چىۋىقنى
كېسىۋېلىپ ئۇنى ئاقلاپ چاپراس قىلىپ قەبرە ئۈستىگە
كرېست بەلگىسىدەك سانجىپ قويدۇم . دادام بىلەن ئىككى-
مىز ئانچە ھايال قالمايلا ئۆيگە ياندۇق . لېكىن ، مەن ھېلى-



دىن ـ ھېلىغا ئارقامغا قاراپ قوياتتىم . خېلى يىراقلاشقاند-
دىن كېيىنمۇ لىڭشىپ تۇرغان كرېست بەلگىسى ئاقىرىپ
كۆزگە چېلىقىپ تۇردى .
شۇ كۈنى چۈش كۆردۈم . چۈشۈمدە ئاسماندا يۇرگۇ-

دەكمەن ، شۇنداق قارىغۇدەك بولسام ، بۆدۈنە ھېلىقى كىرپىستقا ئوخشاش ئاپئاق بولۇپ ، كىچىك بىر پارچە بۇلۇت-نىڭ ئۈستىدە قونۇپ ئولتۇرغۇدەك ، بېشىدا كىچىككىنە ئالتۇن ئۇۋا تۇرغۇدەكمىش . بۇ ئۇنىڭغا بالىلىرى ئۈچۈن جەبىر - جاپا چەككەنلىكتىن پەرۋەردىگاھ تەرىپىدىن بېرىل-گەن سوۋغات ئىكەن ، دەپ ئويلىغۇدەكمەن .

بەش كۈندىن كېيىن دادام ئىككىمىز شۇ يەرگە بار-دۇق . مەن سارغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن يىقىلماس-تىن تىك تۇرغان كىرپىست ئارقىلىق بۆدۈنىنىڭ قەبرىسىنى تاپتىم . لېكىن ئۇۋىسى بوش ، بالىلىرىنىڭ ئىزىمۇ قالمىغا-نىدى . دادام مېنى بۆدۈنىنىڭ بالىلىرىنى ئاتىسى ئېلىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەندۈرەتتى . بىز بىرنەچچە قەدەم ئىلگىرى ماڭغىنىمىزدا ، پۈتىمىزنىڭ تۈۋىدىنلا بىر چوڭ بۆدۈنە ئۇ-چۇپ چىققان بولسىمۇ ، دادام ئۇنى ئاتمىدى ... شۇ چاغدا مەن : «ياق ، دادام كۆيۈمچان ئىكەن» دەپ ئويلىدىم . لې-كىن ، شۇنىسى ھەيران قالارلىقكى ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئوۋ ئوۋلاشقا ھەۋىسىم قالمىدى ، قاچان دادام ماڭا مىلتىق ئې-لىپ بېرەركىن ، دەپ ئويلاشنىمۇ تاشلىدىم .

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ .

1) «مەن» نېمە ئۈچۈن ئانا بۆدۈنىنىڭ ئۆلۈمىگە شۇن-چە ئىچ ئاغرىتىدۇ ؟ ئۇنى بۇنچىۋالا چوڭقۇر تەسىرلەندۈر-گەن زادى نېمە ؟

2) «مەن» نېمە ئۈچۈن بۆدۈننى شۇنچە ئىخلاس بىلەن دەپنە قىلىدۇ؟

3) «مەن» نېمە ئۈچۈن «شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇۋ ئوۋلاشقا ھەۋىسىم قالمىدى، قاچان دادام ماڭا مىلتىق ئېلىپ بېرەركىن، دەپ ئويلاشنىمۇ تاشلىدىم» دەيدۇ؟

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەردە قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

1) مەن بۇ كەلگۈسىدىكى ئولجىلىرىمغا قاراپ، مىلتىق ئورنىدا بويىنۇمغا ئېسىپ يۈرگەن تايىقىم بىلەن ئۇلارنى قارىغا ئېلىپ ئوينايتتىم.

2) مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۇششاق باللىرىنى كىممۇ باقار؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدىم مەن.

3) بۇ قانداقمۇ قۇۋلۇق بولسۇن؟ بۇ قۇۋلۇق ئەمەس، بۇ بۆدۈنىنىڭ ئۆز باللىرىنى تولىمۇ ئەزىز كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى!

4) بىچارە يېتىملەر، قاراڭلار! مانا سىلەرنىڭ ئاناڭلار! ئۇ سىلەرنى دەپ ئۆزىنى قۇربان قىلدى! — دېدىم مەن.

3 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ ھەم ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭ.

قادىلىش پالاكەت ئولجا بىر قىسما قوڭۇر

ئادالەتسىزلىك جەبىر - جاپا خۇمار

oBidi

# 12 . قۇشلار جەننىتى[1]



كەچلىك تاماقنى
يە ، بولغىنىمىزدا ،
ـىڭ تەپتى يانغاند ـ
كۆن تاغ كەينىگە
رۇپ ، ئاسماننى
ۇق قىزىل شەپەق
ـىدى .

بىز شىغىللىق يول ـ
دىن ئۆتۈپ ، بىردەمدىلا
دەريا بويىغا يېتىپ كەل ـ
دۇق . دەريا بويىدىكى
چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىدا
بىر نەچچە قولۋاق تۇر ـ
غانلىقىنى كۆردۇق .

بىرىمىزنىڭ كەي ـ
نىدىن بىرىمىز قولۋاققا سەكرەپ چىقتۇق . دوستلىرىمـ
ئىلىپ ، يەرگە تىرەپ تۇرۇپ ئىتتىرىۋىدى ، قولۋاق دەرياـ
نىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ سىلجىدى .
دەريا كەڭ بولۇپ ، يىپيىلىپ ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىدە

باجىن

دىن بىرى قولۋاقنى يەشتى ۋە قولىغا بامبۇك بادرىنى

[1] بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى باجىن (1904 — 2005 - يىللار) .

ئازراقمۇ دولقۇن يوق ئىدى . قولۋاق تەۋرەنمەي تىپتىنچ
كېتىۋاتاتتى . ئۈچ دانە پالاقنىڭ سۇغا تەكشى ئۆرۈلۈشى
قۇلاققا يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىناتتى .

بىر يەرگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە ، دەريا تارايدى ، كىـ-
شىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك ياپيېشىل يوپۇرماقلار سۇغا
تېگەي - تېگەي دەپ تۇراتتى . بۇ ، باراقسان بولۇپ ئۆسكەن
بىر توپ ياۋا ئەنجۈرنىڭ يوپۇرمىقى بولۇپ ، غولىنىڭ قە-
يەردە ئىكەنلىكىنى زادى كۆرەلمىدىم .

مەن ، بىر توپ ياۋا ئەنجۈر دەرىخى ئىكەن ، دېيىشىمـ-
گىلا ، دوستلىرىم شۇئان گېپىمگە تۈزىتىش بەردى ، بىرى
ئۇ بىرلا تۈپ ياۋا ئەنجۈر دەرىخى ، دېدى . يەنە بىرى
ئىككى تۈپ ياۋا ئەنجۈر دەرىخى ، دېدى . مەن يوغان يىـ
ئەنجۈر دەرىخىدىن خېلى جىقىنى كۆرگەن بولسامۇ ، بۇنـ-
داق يوغىنىنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى .

قولۋۇقىمىز ئاستا - ئاستا ئاشۇ ياۋا ئەنجۈر دەرىخىگە
يېقىنلاشتى . مەن بۇ دەرەخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆ-
رۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم . ھەقىقەتەنمۇ ئۇ بىرلا تۈپ
چوڭ دەرەخ ئىكەن . ئۇنىڭ سان - ساناقسىز شاخلىرى
بولۇپ ، ئۇلارمۇ يىلتىز چىقىرىپتۇ ۋە نۇرغۇنلىغان يىلتىز-
لىرى يەرگە ساڭگىلاپ ، نەم تۇپراققا كىرىپ كېتىپتۇ . يەنە
بىر قىسىم شاخلىرى سۇ يۈزىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن بو-
لۇپ ، يىراقتىن قارىغاندا ، خۇددى سۇ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ
قويۇلغان چوڭ دەرەختەك كۆرۈنەتتى .

بۇ دەل ياۋا ئەنجۈر دەرىخى باراقسان بولىدىغان مەز-
گىل بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ھاياتىي كۈچىنى بىزگە
نامايان قىلىپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى . شۇنچە نۇرغۇن يې-

شىل يوپۇرماقلار غۇژمەكلىشىپ ئازراقمۇ يوچۇق قويمىغا-
ندى . يېشىل زۇمرەتتەك چاقناپ ، كۆزلىرىمىزنى قاماش-
تۇرۇپ تۇرغان ھەربىر يوپۇرماقتا گويا يېڭى بىر ھايات
جىلۋىلىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . بۇ ، جەنۇبنىڭ چىراي-
لىق - كۆركەم دەرىخى ئىدى .



قولۋاق دەرەخ ئاستىدا بىر پەس توختىدى . قىرغاق
نەم ئىدى ، شۇڭا قىرغاققا چىقمىدۇق . دوستلىرىمدىن بى-
رى : بۇ يەر «قۇشلار جەننىتى» ، نۇرغۇن قۇشلار مۇشۇ
دەرەخقە ئۇۋا سالىدۇ ، دېھقانلار ئۇلارنى تۇتۇشقا يول قويماي-
دۇ ، دېدى . مەن گويا قۇشلارنىڭ قانات قېقىشلىرىنى ئاڭ-
لىغاندەك بولدۇم ، لېكىن زەن سېلىپ قارىسام ، قۇش
تۇرماق ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمىدىم . پەقەت كېسىلگەن
ياغاچ كۆتەكلەردىن چىقىپ تۇرغان سان - ساناقسىز دەرەخ
يىلتىزلىرىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . يەر نەم ئىدى ، قارىغاندا ،

دەريا سۈيى ئۆرلىگەندە قىرغاقتىن تېشىپ چىقسا كېرەك . «قۇشلار جەننىتىدە بىرمۇ قۇش يوق ئىكەنغۇ » دېگەن ئوي ئىختىيارسىز كۆڭلۈمدىن كەچتى . دوستلىرىمدىن بىرىنىڭ ھەيدىشى بىلەن ، قولۋاق ئاستا ـ ئاستا دەريانىڭ ئوتتۇرى-سىغا قاراپ قوزغالدى .

ئەتىسى ، قولۋاق بىلەن يەنە بىر دوستۇمنىڭ يۇرتىغا باردۇق . ئۇ يەردە تاغلار ۋە ئېگىز مۇنار بار ئىدى . مەكتەپ-تىن چىقىپ ، يەنە «قۇشلار جەننىتى» دىن ئۆتتۇق .

بۇ ئەتىگەنكى چاغ ئىدى . قۇياش نۇرى دەرەخلەردە ، سۇ يۈزىدە چاقنايتتى ، ھەممە نەرسە يارقىن ۋە سۈزۈك كۆرۈنەتتى . بىز قولۋاقنى دەرەخ تۈۋىدە يەنە بىر پەس توختاتتۇق .

دەسلەپىدە ئەتراپ جىمجىت ئىدى ، كېيىن ئۈشتۈم-تۇتلا بىر قۇش سايرىدى . چاۋاك چېلىۋىدۇق ، يوغان بىر قۇش ئۇچۇپ چىقتى . كېيىن ، ئىككىنچىسى ، ئۈچىنچىسى-مۇ ئۇچۇپ چىققانلىقىنى كۆردۇق . چاۋاك چېلىۋەرگەند-دۇق ، بىردەمدىلا دەرەخلىك قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى ، ھەممە يەردىن قۇشلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ھەممە يەرنى قۇشلار قاپلىدى . قۇشلار چوڭ ـ كىچىك ، ئالىچىپار ، قارا رەڭلەردە بولۇپ ، بەزىلىرى دەرەخ شېخىغا قونۇۋېلىپ ساي-رىسا ، بەزىلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى ، يەنە بەزىلىرى قاناتلىرى-نى قېقىشاتتى .

مەن زەن سېلىپ قارىدىم ، قۇشلارغا قاراپ ئۇلگۈرەل-مەيتتىم ، بىرىنى ئېنىقراق كۆرۈۋالغۇچە يەنە بىرىنى كۆز-دىن يوقىتىپ قوياتتىم . بۇنى كۆرۈپ بولغۇچە ، يەنە بىرى ئۇچۇپ كېلىپ قالاتتى . بىر بۇلبۇل ئۇچۇپ چىقىۋىدى ،

چاۋاك چېلىشىمىز بىلەن چۆچۈپ كېتىپ ، يوپۇرماقلار ئا-رىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ ، ئىنچىكە شاخقا قونۇۋېلىپ ، زوق- شوق بىلەن سايراپ كەتتى ، ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق ئىدى .

قولۇقىمىز ئېگىز مۇنار ئاستىدىكى يېزىغا قاراپ ئۇ-زۇپ كېتىۋاتقاندا ، مەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ، مېھرىمنى ئۇزەلمىگەن ھالدا ، ئاشۇ باراقسان ياۋا ئەنجۈر دەرىخىگە قارىدىم . تۇنۇگۈن كۆزلىرىم مېنى ئالداپتۇ . ھېلىقى «قۇشلار جەننىتى» ھەقىقەتەنمۇ قۇشلارنىڭ جەننىتى ئى-كەن !

## كۆنۈكمە

1 . ئاپتور قولۇاق بىلەن «قۇشلار جەننىتى»دىن ئىك-كى قېتىم ئۆتتى . بىرىنچى قېتىمدا قايسى ۋاقىتتا ئۆتتى ، ئىككىنچى قېتىم قايسى ۋاقىتتا ئۆتتى؟ ئىككى قېتىمدا كۆرگەنلىرىنىڭ قايسى يەرلىرى ئوخشىمايدۇ ؟

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭ ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەن-گەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى چۈشىنىۋېلىڭ .

1 ) يېشىل زۇمرەتتەك چاقناپ ، كۆزلىرىمىزنى قا-ماشتۇرۇپ تۇرغان ھەربىر يوپۇرماقتا گويا بىر ھايات جىل-ۋىلىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . بۇ ، جەنۇبنىڭ چىرايلىق-كۆركەم دەرىخى ئىدى .

2 ) قۇشلارغا قاراپ ئۇلگۇرەلمەيتتىم ، بىرىنى ئېنىق-راق كۆرۈۋالغىچە ، يەنە بىرىنى كۆزدىن يوقىتىپ قوياتت-تىم ، بۇنى كۆرۈپ بولغىچە ، يەنە بىرى ئۇچۇپ كېلىپ

قالاتتى . بىر بۇلبۇل ئۇچۇپ چىقىۋىدى ، چاۋاك چېلىشىمىز بىلەن چۆچۈپ كېتىپ ، يوپۇرماقلار ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ ، ئىنچىكە شاخقا قونۇۋېلىپ ، زوق - شوق بىلەن سايراپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق ئىدى .

3 ) قولۋقىمىز ئېگىز مۇنار ئاستىدىكى يېزىغا ئۇزۇپ كېتىۋاتقاندا ، مەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ، مېھرىمنى ئۈزەلمىگەن ھالدا ، ئاشۇ باراقسان ياۋا ئەنجۈر دەرىخىگە قارىدىم .

4 ) ھېلىقى «قۇشلار جەننىتى» ھەقىقەتەنمۇ قۇشلارنىڭ جەننىتى ئىكەن !

3 . تېكىستنى ھېسسىيات بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇڭ ۋە «قولۋقىمىز ئاستا - ئاستا ئاشۇ ياۋا ئەنجۈر دەرىخىگە يېقىنلاشتى» دېگەن يەردىن «بۇ ، جەنۇبنىڭ چىرايلىق - كۆركەم دەرىخى ئىدى» دېگەن يەرگىچە يادلىۋېلىڭ .

يېزىقچىلىق

# تىنچ ھالەت ۋە ھەرىكەتچان ھالەت

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، ھەمىشە بەزى شەيئىلەرنىڭ، مەسىلەن، تاغ، ئورمان، بىنالارنىڭ؛ سىنىپتىكى قارا دوسكا، پارتا - ئورۇندۇق، پۈتۈن زېھنى بىلەن دەرس ئاڭلاۋاتقان ساۋاقداشلارنىڭ ھەرىكەت قىلماي، تىنچ ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز بۇلارنى شەيئىلەرنىڭ تىنچ ھالىتى دەيمىز. بىز يەنە بەزى شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزگىرىش ياساۋاتقان ھالەتتە تۇرغانلىقىنىمۇ كۆرىمىز. مەسىلەن، قۇشلارنىڭ ئۇچۇشى، بۇلۇتلارنىڭ ئۆزگىرىشى، ماشىنىلارنىڭ مېڭىشى، ساۋاقداشلارنىڭ تەنھەرىكەت مەيدانىدا بەدەن چېنىقتۇرۇشى قاتارلىقلار. بىز بۇلارنى شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەتچان ھالىتى دەيمىز. بىرەر ئەسەرنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ قايسى يەرلىرىدە شەيئىلەرنىڭ تىنچ ھالىتى، قايسى يەرلىرىدە ھەرىكەتچان ھالىتى سۆزلەنگەنلىكىگە دىققەت قىلىشىمىز؛ يازغان چاغدىمۇ، شەيئىلەرنىڭ تىنچ ھالىتىنى قانداق يېزىش، ھەرىكەتچان ھالىتىنى قانداق يېزىشقا دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

ئالايلى، «قۇشلار جەننىتى» دېگەن تېكىستتە ئاپتورنىڭ دوستلىرى بىلەن «قۇشلار جەننىتى»دىن ئىككى قېتىم ئۆتكەندە كۆرگەن مەنزىرىسى يېزىلغان. بىرىنچى قېتىم، ئاپتور كەچقۇرۇنلۇقى «قۇشلار جەننىتى»دىن قولۋاقتا ئۆت-

كەن ، بۇ چاغدا يىراقتىن يېقىنغا قاراپ تەسۋىرلەنگەن . بۇ ، ھەربىكەتچان ھالەتنىڭ بايان قىلىنىشى . ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ياۋا ئەنجۇر دەرىخىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ يىراقتىن قاندان ئۆتكەنلىكى ، يېقىن كەلگەندە قانداق كۆرۈنگەنلىكى ، پۈتۈن ھالىتىنىڭ قانداقلىقى ، ئايرىم قىسىملىرىنىڭ قانداقلىقىنى نۇقتىلىق ھالدا تەسۋىرلىگەن . يىراقتىن قارىغاندا ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك ياپيېشىل يوپۇرماقلار سۇغا تېگەي ـ تېگەي دەپ تۇراتتى . بۇ ، باراقسان بولۇپ ئۆسكەن بىر توپ ياۋا ئەنجۇرنىڭ يوپۇرمىقى بولۇپ ، غولىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى زادى كۆرگىلى بولمايتتى . «يېقىنىدىن قارىغاندا ، ھەقىقەتەنمۇ » بىرلا تۈپ چوڭ دەرەخ ئىكەن . ئۇنىڭ سان ـ ساناقسىز شاخلىرى بولۇپ ، شاخلىرىمۇ يىلتىز چىقىرىپتۇ ۋە نۇرغۇنلىغان يىلتىزلىرى يەرگە ساڭگىلاپ ، نەم تۇپراققا كىرىپ كېتىپتۇ . يېشىل يوپۇرماقلىرى «غۇژمەكلىشىپ ، ئازراقمۇ يوچۇق قويمىغانىدى » . مانا بۇ ، تىنچ ھالەتنىڭ تەسۋىرى .

ئاپتور ئىككىنچى قېتىم «قۇشلار جەننىتى »دىن ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆتكەن بولۇپ ، قۇشلارنى نۇقتىلىق تۇردە يازغان . ئالدى بىلەن ، «ھەممە يەردىن قۇشلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ، ھەممە يەرنى قۇشلار قاپلىدى » دەپ يېزىپ ، ئاندىن قۇشلارنىڭ ھەرىكىتىنى بەزىلىرى دەرەخ شېخىغا قونۇۋېلىپ سايرىسا ، بەزىلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى ، يەنە بەزىلىرى قاناتلىرىنى قېقىشاتتى ، دەپ يازىدۇ . ئاپتور يەنە ، «بىرىنى ئېنىق كۆرۈپ بولغۇچە ، يەنە بىرىنى كۆزدىن يوقىتىپ قويااتتىم ، بۇنى كۆرۈپ بولغۇچە ، يەنە بىرى ئۇچۇپ كېلىپ قالاتتى » دەيدۇ . نۇقتىلىق تۇردە بولىۇلنى

سۈرەتلەپ ، «بىر بۇلبۇل ئۇچۇپ چىقىۋىدى ، چاۋاك چېلىشىمىز بىلەن چۆچۈپ كېتىپ ، يوپۇرماقلار ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ ، ئىنچىكە شاخقا قونۇۋېلىپ زوق ـ شوق بىلەن سايراپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق ئىدى » دەپ يازىدۇ .

«قۇشلار جەننىتى »دىن بىرىنچى قېتىم ئۆتكەندە ، ئاپتور نۇقتىلىق تۇردە ياۋا ئەنجۇر دەرىخىنىڭ تىنچ ھالىتىنى تەسۋىرلەيدۇ ، ھېچقانداق قۇشنى كۆرمەيدۇ ، بۇ ئادەمگە «قۇشلار جەننىتى » دە قۇشلار يوق ئىكەن ، پەقەت يوغان بىر تۈپ ياۋا ئەنجۇر دەرىخىلا بار ئىكەن ، دېگەن تەسىرات قالدۇرىدۇ . ئىككىنچى قېتىم «قۇشلار جەننىتى »دىن ئۆتكەندە ، ئاپتور نۇقتىلىق تۇردە ، قۇشلارنىڭ ھەم ئۇچۇۋاتقان ، ھەم سايراۋاتقان ھەرىكەتچان ھالىتىنى بايان قىلغان بولۇپ ، ئەسلىدە تىپتىنچ تۇرغان ياۋا ئەنجۇر دەرىخىگە قۇشلارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى يېزىلىدۇ . بىرىنچى قېتىم كەچقۇرۇنلۇقى بارغاچقا ، قۇشلار ئارام ئالغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلارنى كۆرەلمىگەن ؛ ئىككىنچى قېتىم ئەتىگەندە ، دەل قۇشلار جانلانغان ۋاقىتتا بارغاچقا ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرەلىگەن . تىنچلىق بىلەن ھەرىكەتچانلىق سېلىشتۇرما قىلىنىش ئارقىلىق ، ئوقۇرمەنلەردە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇلغان .

«قۇشلار جەننىتى » نى ئوقۇغاندىن كېيىن شۇنى بىلىۋالدۇقكى ، شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە ، ئۇنىڭ تىنچ ھالىتى ۋە ھەرىكەتچان ھالىتىگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم ، تىنچ ھالەت دېگىنىمىز ، شەيئىنىڭ جىمجىت ، تەۋرەنمەي تۇرغان ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ . ھەرىكەتچان ھالىتى دېگىنىمىز ،

شەيئىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنى كۆرسى-
تىدۇ. بىرەر ئەسەرنى ئوقۇغاندا، تىنچ ھالەت ۋە ھەرىكەت-
چان ھالەتلەرگە دىققەت قىلساق، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى
تېخىمۇ ياخشى ۋە ئېنىق چۈشىنەلەيمىز؛ ئەسەر يازغاندا،
تىنچ ھالەت ۋە ھەرىكەتچان ھالەتكە دىققەت قىلىپ، ئىككى-
سىنى سېلىشتۇرۇپ يازساق، ئەسەرنى تېخىمۇ جانلىق قى-
لىپ، ئوقۇرمەنلەرنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرگىلى بولىدۇ.

# تۆتىنچى مەشىق

1 . بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىقىنى تاللاپ ، بوش ئورۇنلارغا قويۇڭ .

بېرىلگەن سۆزلەر : كۆڭۈل قويۇپ ، جىمجىت ، يېڭىۋاشتىن ، ھۇپپىدە ، تەمكىن بولۇش

1 ) باھار پەسلىدە باغدا خىلمۇخىل گۈللەر ( ) ئېچىلىپ كەتتى .

2 ) جەڭچىلەر يارىلىرىدىن ئېقىۋاتقان قاننى سۈرتۈۋېتىپ ، ( ) جەڭگە ئاتلاندى .

3 ) يېرىم كېچە ، ئەتراپ ( ) ئىدى .

4 ) بىرەر قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندە ، ( ) كېرەك .

5 ) دەرسنى ( ) ئاڭلاش كېرەك .

2 . بېرىلگەن سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭ ، قېنى كىم ھەم تېز ، ھەم كۆپ جۈملە تۈزەلەيدىكىن .

بېرىلگەن سۆزلەر : ئارقا - ئارقىدىن ، دىققەت قىلىپ ، تىمتاس ، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ

ئۈلگە : ئەكبەر كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىدا ئىسكىرىپكا چالغانىدى ، زالنىڭ ئىچى تىمتاسلىققا چۆمدى .

قۇشلار بەس - بەس بىلەن سايراپ ، جىمىپ قېلىشۋىدى ، ئورمانلىق تىمتاس بولۇپ قالدى .

ئۇكام ئوينىغىلى سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى ، ئۆينىڭ

ئىچى تىمتاس بولۇپ كېتىپتۇ .

.........

3 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئەستايىدىل ئوقۇڭ ، قايسىلىرىنىڭ تىنچ ھالەت تەسۋىرى ، قايسىلىرىنىڭ ھەرىكەتچان ھالەت تەسۋىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

بىز تاش پەلەمپەي بىلەن تاغنىڭ بېلىگىچە چىقتۇق ، ئالدىمىزدا يۇمىلاق فونتان كۆلچىكى ۋە كۆلچەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇنئىي تاغ كۆرۈندى .

سۇنئىي تاغقا ئەگرى - بۈگرى چىغىر يوللار چىقىرىلغان بولۇپ ، بۇ يول تاغ چوققىسىغىچە تۇتىشاتتى . نەپىس ھەم ئەپچىلگىنە ياسالغان شىپاڭ - راۋاقلار ۋە ئاغزىدىن سۇ بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ تۇرغان تۆت بېلىق شەكىللىك فونتان سۇنئىي تاغنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . سالقىن شامال فونتاننىڭ سۇلىرىنى ئەتراپقا ئۈنچە - مەرۋايىتلاردەك چاچرىتىپ ، سۇنئىي تاغنى پەرىزاتلار ماكانىدەك بىر قەۋەت نېپىز تۇمانغا ئورىغانىدى .

كۆلچەكتە خىلمۇخىل ئالتۇنبېلىقلار يوغان كۆزلىرىنى پۇلتايتىپ ئەركىن - ئازادە ئۈزۈپ يۈرەتتى . ئۇلار بەزىدە سۇ ئوتلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كۆرۈنمەي قالاتتى ، بەزىدە لىپلا قىلىپ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقاتتى - دە ، بىزنىڭ شادلىق ناخشىمىزدىن ھوزۇرلانغاندەك ، قۇيرۇقىنى لەرزان ئوينىتاتتى . كۆلچەكنىڭ ئەتراپىدىكى دەرەخلەر سۇغا سايە تاشلاپ ، كۆك ئاسمان ، ئاپئاق بۇلۇتلارنىڭ سۇدىكى سايىسى بىلەن بىرلىشىپ ، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىنى پەيدا قىلاتتى .

كۆلچەكنىڭ ئەتراپىدا ئۆسكەن قىزىل ، يېشىل گۈللەر سۇنئىي تاغ ، شىپاڭ - راۋاق ۋە فونتانغا ھۆسن قوشۇپ ، ئاجايىپ كۆركەم كۆرۈنەتتى .

4 . ئەتراپىمىزدىكى ئۆزىمىزگە تونۇشلۇق بىرەر مەن-

ـزىرىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ ، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى چىڭ تۇتقان ھالدا تىنچ ھالەت ۋە ھەرىكەتچان ھالەتنى سېلىشتۇرما قىلىپ ، پارچە يېزىپ كېلىڭ . تەسۋىرلەرنىڭ جانلىق ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ، كونكرېت بولۇشىغا ، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ راۋان ، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ توغرا ، خەتنىڭ چىرايلىق بولۇشىغا دىققەت قىلىڭ .

5 . تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت شېئىرنى ئوقۇپ ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىڭ .

يۇيۇلغان گۈل ـ گىياھ ، يۇيۇلغان زېمىن ،
بېسىققان چاڭ ـ توزان ، پاكلانغان ھاۋا .
چېچەكلىك باغلاردا ، چىمەنزارلاردا ،
بۇلبۇللار زوق بىلەن قىلماقتا ناۋا .

6 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە تېگىشلىك تىنىش بەلگىلىـ ـرىنى قويۇپ كۆچۈرۈڭ .

1 ) ئويۇن كۈلكە ناخشا ئۇسسۇل ھەممىسى ئىنتايىن قىزىپ كەتتى

2 ) ئوقۇش ئۆگىنىش ئىجاد قىلىش بىزنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىمىز

3 ) بىزنىڭ ئەڭ ئالىي ئەخلاقىمىز ۋەتەننى خەلقنى ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈش ئاممىنىڭ مال مۈلكىنى ئاسراش

# 13 . سوْغا سەكرەش[1]



لېف تولستوي

بىر پاراخوت دۇنيا-
نى بىر ھەپتە ئايلىنىپ
قايتىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ
كۈنى شامالمۇ ، دولقۇن-
مۇ تىنجىغان بولۇپ ،
پاراخوتتىكىلەر پالۇبىدا
ئىدى . چوڭ بىر مايمۇن
ئادەملەر ئارىسىغا كى-
رىپ - چىقىپ ، كۈل-
كىلىك شەيتانلىقلارنى
قىلاتتى ، كىشىلەرنى
دورايتتى . ئۇ باشقىلار-
نىڭ ئۆزىنى تاماشا قىلى-
ۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە ،
تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى .

مايمۇن ئاخىر 12 ياشلىق بىر بالىنىڭ ئالدىغا سەكرەپ
بېرىپ (ئۇ كاپىتاننىڭ ئوغلى ئىدى ) ، ئۇنىڭ شەپكىسىنى
ئېلىۋېلىپ بېشىغا كىيىۋالدى - دە ، چاققانلىق بىلەن پارا-
خوت مومىسىغا چىقىۋالدى . ھەممەيلەن كۈلۈشەتتى ، پەقەت
ھېلىقى بالا يا يىغلىشىنى ، يا كۈلۈشىنى بىلمەي ، يالاڭباش
تۇراتتى . مايمۇن موممىنىڭ بىرىنچى توغرا ياغىچىغا ئولتۇ-

---

① بۇ ھېكايىنىڭ ئاپتورى روسىيە يازغۇچىسى لېف تولستوي (1828 — 1910 - يىللار ) .

رۇۋېلىپ ، بېشىدىن شەپكىنى ئېلىپ ، چىش ۋە تىرناقلىرى بىلەن يىرتاتتى . ئۇ ئەتەي بالىنىڭ چىشىغا تەگمەكچى بول- غاندەك بالىغا كۆرسىتىپ ، ھەر خىل شەيتانلىقلارنى قىلات- تى . بالا ئۇنى قورقۇتۇپ ، ۋارقىراپ دوق قىلدى ، لېكىن ئۇ شەپكىنى تېخىمۇ تىتما ـ تالاڭ قىلىپ يىرتقىلى تۇردى . ماتروسلار تېخىمۇ قاقاقلاپ كۈلدى ، بالىنىڭ يۈزى قىزار- دى . ئۇ چاپىنىنى سېلىپ ، مايمۇننى تۇتۇش ئۈچۈن مومىغا ياماشتى . ئۇ بىردەمدىلا ، ئارغامچىنى بويلاپ بىرىنچى توغرا ياغاچقا چىقىۋالدى . بالا شەپكىسىنى ئالماقچى بولۇۋاتقاندا ، مايمۇن بالىدىنمۇ چاققانلىق بىلەن يەنە يۇقىرىغا ياماشتى .

— سەن قاچالمايسەن ! — دەپ ۋارقىراپ ، بالىمۇ يۇقىرىغا ياماشتى . مايمۇن پات ـ پات كەينىگە قاراپ ، بالىنىڭ چىشىغا تېگەتتى ، بالا تېرىكىپ ، توختىماي يۇقى- رىلاپ قوغلايتتى ، ئۇ ئىككىسى مومىنىڭ ئۇچىغا يېتەيلا دەپ قالدى . شۇ پەيتتە مايمۇنمۇ گەۋدىسىنى ئىمكانقەدەر رۇسلاپ ئارقا پۇتى بىلەن ئارغامچىغا ئېسىلىۋېلىپ ، شەپ- كىنى ئەڭ ئېگىز توغرا ياغاچنىڭ بىر ئۇچىغا ئىلىپ قوي- دى- دە ، ئاندىن مومىنىڭ ئۇچىغا چىقىۋېلىپ ، بەللىرىنى تولغاپ ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، غەلىتە قىلىقلارنى قىلغىلى تۇردى . موما بىلەن شەپكە ئىلىپ قويۇلغان توغرا ياغاچنىڭ بىر ئۇچىنىڭ ئارىلىقى بىر مېتىردىن ئارتۇق كېلەتتى ، شەپكىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ئارغامچا بىلەن مومىنى تۇتۇپ تۇرغان قولىنى قويۇۋېتىشكە توغرا كېلەتتى ، بۇنىڭ- دىن باشقا چارە يوق ئىدى .

بالا قاتتىق غەزەپلەندى . ئۇ مومىنى قويۇۋېتىپ توغرا ياغاچقا ياماشتى . پالۇبىدا تۇرغان كىشىلەر قاراپ تۇرۇشات-

تى ، مايمۇننىڭ كاپىتاننىڭ ئوغلىنى كولدۇرلىتىۋات-
قانلىقىدىن كۈلۈشەتتى . لېكىن ، ئۇلار بالىنىڭ ئارغامچى-
نى قويۇۋېتىپ ، قوللىرىنى كېرىپ دەلدەڭشىگىنىچە ئەڭ
ئېگىز توغرا ياغاچقا چىققانلىقىنى كۆرگىنىدە ، قورقىنى-
دىن ئېغىزلىرىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قېلىشتى .



بالا ئايغى تېيىلىپ كەتسىلا ، پالۇبىغا يىقىلىپ ، كۆكۈم - تالقان بولاتتى . ناۋادا ئۇ پۇتى تېيىلماي ، شەپكىسىنى ئالغان تەقدىردىمۇ ، بۇرۇلۇپ قايتىشى تەس ئىدى . ھەممە ئادەم نېمە بولاركىن ، دەپ ئۇنىڭغا قاراپ جىمجىت تۇرۇشاتتى .

بىردىن ئادەملەر توپى ئارىسىدىن بىرەيلەن قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى . بالا پەستىكى ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ، ئاندىن كېيىنلا ھوشىغا كەلدى . ئۇ پەسكە قارىغىنىدا ، پۇتى دىرىلدەشكە باشلىدى .

نەق شۇ چاغدا ، بالىنىڭ دادىسى — كاپىتان بېلىقچى قۇش ئاتماقچى بولۇپ ، مىلتىق تۇتقان ھالدا كېمە بۆلمىسىدىن چىقىپ كەلدى . ئۇ ئوغلىنىڭ موما ئۇچىدىكى توغرا ياغاچتا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ شۇ ھامان ئۇنى چەنلەپ ۋارقىرىدى :

— سۇغا سەكرە ، تېز سۇغا سەكرە ، سەكرىمىسەڭ ئاتىمەن !

بالا ئېگىزدە دەلدەڭشىيتتى ، ئۇ دادىسىنىڭ گېپىنى ئۇقالمىدى .

— سۇغا سەكرە ، بولمىسا ئاتىمەن ! ... بىر ، ئىككى...

دادىسى «ئۈچ» دېيىشىگە ، بالا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ سۇغا سەكرىدى .

بالىنىڭ گەۋدىسى توپ ئوقىدەك دېڭىزغا پولتۇڭڭىدە چۈشتى . دولقۇنلار ئۇنى كۆمگىچە ، 20 جەسۇر ماتروس پاراخوتتىن دېڭىزغا سەكرىدى . 40 سېكۇنتتىن كېيىن — بۇ ۋاقىت كۆپچىلىككە ناھايىتى ئۇزاق بىلىندى ، بالىنىڭ تېنى لەيلەپ چىقتى . ماتروسلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ، پالۇبىغا

ئېلىپ چىقتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، بالىنىڭ ئاغ-
زى ـ بۇرنىدىن نۇرغۇن سۇ ياندى. ئۇ يەنە نەپەس ئېلىشقا
باشلىدى.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا
جاۋاب بولىدىغان جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭ، ئاندىن
جاۋاب بېرىڭ.

1) مايمۇن بالىغا قانداق چاقچاق قىلدى؟ بالا نېمە
ئۈچۈن يا كۈلۈشنى، يا يىغلىشنى بىلمىدى؟ نېمە ئۈچۈن
قىزىرىپ كەتتى؟ بالا مايمۇننى قانداق قوغلىدى؟ مايمۇن
بالىنى قانداق ئەخمەق قىلدى؟

2) بالا مومىنى تاشلاپ، توغرا ياغاچقا ياماشقاندا،
پالۇبىدىكى كىشىلەرنىڭ چىرايىدا قانداق ئۆزگىرىش بول-
دى؟

3) بالا پەسكە قارىغاندا، پۇتى دىرىلدەشكە باشلىغاندا،
كاپىتان كۆرۈپ نېمە قىلدى؟ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

2. تېكىستنى قايتا بايان قىلىپ بېرىڭ.

3. جۈملىدىكى جايىغا چۈشمىگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا
مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇڭ.

1) بالا ئەڭ ئېگىز توغرا ياغاچقا چىقىۋېلىپ، بەك
كۈلكىلىك ئەھۋالدا قالدى.

2) بالا پالۇبىغا سەكرىگەچكە، قۇتقۇزۇپ قېلىندى.

3) كىشىلەر مايمۇننىڭ قىلىقلىرىغا غەزەپلەنگەنسې-
رى، مايمۇن تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

4) كىشىلەر بالىنى خاپا قىلغانسېرى ، بالا مايمۇننى قوغلاپ يۇقىرى چىقىۋەردى .

4 . قىستۇرما رەسىمگە بىرلەشتۈرۈپ ، تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ .

پالۇبا ، موما ، توغرا ياغاچ

دوق قىلىش - [illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

ئاقادا - [illegible]

# 14 . يىلان ۋە زىرائەت①

نەچچە ئون يىل ئىلگىرى گۇاڭدۇڭدا بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك دېڭىز تاشقىنى يۈز بەرگەن ، بۇنى تەيفېڭ بورىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى . دېڭىز سۈيى قۇرۇقلۇققا يامراپ چىقىپ ، نۇرغۇنلىغان تېرىلغۇ ئېتىزلارنى ۋە يېزا - كەنتلەرنى بېسىپ كەتكەنىدى . دېڭىز تاشقىنى توختىغاندىن كېيىن ، ئۇ يەرگە تېرىلغان زىرائەتلەر ياخشى هوسۇل بەرمىدى . بۇ ئىش ئۇدا بىرنەچچە يىل داۋام قىلدى . هاۋا رايى ئوبدان بولۇپ بەرگەن يىللىرىدىمۇ ياخشىلىنىش بولمىدى . كۆپچىلىك بۇنىڭغا ناهايىتى ئەجەبلەندى . كېيىن ، پېشقەدەم دېھقانلار ئاجايىپ بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى : ئۇلار بىرەيلەنگە هاۋالە قىلىپ ، سىرتتىن نۇرغۇنلىغان يىلانلارنى سېتىۋالدى ۋە ئۇلارنى تېرىلغۇ ئېتىزىغا قويۇۋەتتى . شۇ يىلى زىرائەتلەردىن مول هوسۇل ئېلىندى . كۆپلىگەن كىشىلەر بۇنىڭ قانداق داۋلىسى بارلىقىنى بىلەلمىدى . بۇنىڭ سىرىنى يەنىلا پېشقەدەم دېھقانلار يېشىپ بەردى . ئەسلىدە كەلكۈن ئېتىزلارنى بېسىپ كەتكەندە ، ئۇۋۇلىرىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان يىلانلارنىڭ هەممىسى سۇدا غەرق بولۇپ كەتكەن ، قارىغۇ چاشقانلار بولسا ئۇۋۇلىرىدىن چىقىشىپ ، ئۈزۈپ يۈرۈپ دەرەخلەرگە ۋە تاغ باغرىغا قېچىپ بېرىپ جېنىنى

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى چىن مۇ (1919 — ) .

قوتولدۇرغانىكەن . قىيان توختىغاندىن كېيىن قارىغۇ چاش-
قانلار يەنە ئېتىزلارغا قايتىپ كېلىپ ، زىرائەتلەرنى قىر-
قىشقا باشلاپتۇ . قارىغۇ چاشقانلارنى يەيدىغان يىلانلار بولمى-
غاچقا ، ئۇلار ناھايىتى تېز كۆپىيىپ ، زىرائەتلەرنى كەڭ
كۆلەمدە قىرقىپ ، ناھايىتى ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلىك-
تىن ، مەھسۇلات كېمىيىپ كەتكەنىكەن . ھازىر ئېتىزلاردا
يىلانلار پەيدا بولۇپ ، قارىغۇ چاشقانلارنى كەڭ كۆلەمدە
يوقاتقانلىقتىن ، زىرائەتلەردىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىنىدى-
غان بوپتۇ .



بىئولوگىيە ئالىمى دارۋىن مۇشۇك بىلەن زىرائەت
ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدى . ئەنگلىيىنىڭ
بىرمۇنچە جايلىرىدا قايسى يېزا ـ كەنتتە مۇشۇكنىڭ ئاز-
كۆپ بولۇشىغا قاراپ ، شۇ جايدىكى بېدىنىڭ قانداق ئۆسۇ-
شىنى بىلگىلى بولىدىكەن . بېدە ھەسەل ھەرىسىنىڭ گۈل

چېكىنى تارقىتىشىغا موھتاج ، ئەگەر ئېتىزدا قارىغۇ چاشقان بەك كۆپ بولسا ، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا تەسىر يېتىدۇ . مۈشۈك كۆپ بېقىلسا ، قارىغۇ چاشقاننىڭ ھەددىدىن ئارتۇق قۇتراپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ، شۇڭلاشقا مۈشۈكنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇشى بېدە مەھسۇلاتىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر .

يامغۇر ياغسا يەر ھۆل بولىدۇ ؛ كۈن چىقسا ، نەرسىلەر ئاسان قۇرۇيدۇ ؛ ئوت نەرسىلەرنى كۆيدۈرەلەيدۇ ؛ سۇ ئوتنى ئۆچۈرەلەيدۇ . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە ئاسان كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ، چۈشىنىشمۇ بەك ئاسان . لېكىن ، شەيئىلەردىكى بۇنداق ئاددىي مۇناسىۋەتتىن تاشقىرى يەنە كۆپلىگەن مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ ، ئۇنى بىراقلا ئېنىق بايقىغىلى بولمايدۇ . بىر كىشى تازىلىققا رىئايە قىلماي ، يول ئۈستىگە تۈكۈرۈپ قويسا ، كۆپلىگەن كىشىلەرگە كېسەل يۇقتۇرۇپ قويۇشى ، ھەتتا ئۆپكە كېسىلىنى يۇقتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن . ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشى كارىۋاتتا ئىڭراپ ياتقاندا ، ئۇ ئۆزىنى مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار قىلغان كىشىنىڭ كوچىدا كۆرگەنلا يەرگە تۈكۈرىدىغان ھېلىقى كىشى ئىكەنلىكىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن ؟ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئەسلىدە ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ ، شۇڭلاشقا بىز ئاۋارىگەرچىلىكتىن ھەرگىز قورقماي ئۇلارنى ئۆگىنىشىمىز لازىم . شۇندىق قىلغاندىلا مەسىلىلەرگە توغرا قارىغىلى ، ئىشلارنى ياخشىراق ھەل قىلغىلى بولىدۇ .

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى سوئاللار-غا جاۋاب بېرىڭ :

1 ) نېمە ئۈچۈن ئېتىزدا يىلان بولسا ، زىرائەتلەردىن ياخشى ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ ؟ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-سىۋەتنى سۆزلەپ بېقىڭ .

2 ) نېمە ئۈچۈن قايسى يېزىدا مۈشۈكنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشىغا قاراپ ، ئۇ يەردىكى بېدىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ ؟ ئۇلار ئوتتۇرىسى-دىكى مۇناسىۋەتنى سۆزلەپ بېقىڭ .

3 ) شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا ئاددىي مۇناسىۋەتمۇ ، مۇ-رەككەپ مۇناسىۋەتمۇ بولىدۇ . بۇ تېكىستتە كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ قايسىسىدا ئاددىي مۇناسىۋەت ، قايسىسىدا مۇ-رەككەپ مۇناسىۋەت سۆزلەنگەن ؟

4 ) تېكىستكە بىرلەشتۈرۈپ ، نېمە ئۈچۈن شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش لازىملىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

2 . تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ ، مەزمۇنىغا ئاساسەن ئابزاسلارغا ئايرىڭ ھەمدە ھەربىر ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ .

## 15 . كۆكلىگەن ئۇلاق

5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئابدۇرېھىم دەرستىن سىرتقى كۆپ ۋاقىتلىرىنى مۇسا تاغا بىلەن باغدا ئۆتكۈزەتتى .

ئابدۇرېھىملارنىڭ يېزىسىدا 25 مولۇق بىر باغ بولۇپ ، باغۋەن مۇسا تاغا ئون نەچچە يىلدىن بېرى بۇ باغدا ئىشلەپ ، باغنىڭ ئالاڭ يەرلىرىگە كۆچەت قويۇپ ، مېۋىسى ناچارلىرىغا ئەلا سورتلۇق مېۋىلەرنى ئۇلاپ ، بۇ باغنى ئاجايىپ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى .

بۇ باغ باھاردا گۈل ـ چېچەكلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلسا ، ياز ، كۈز ئايلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن پىشىدىغان ھەر خىل شېرىن مېۋىلىرى بىلەن ئادەمگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى .

باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئابدۇرېھىم ئايلىنىپ باغقا كىرىپ كەلدى . باغدىكى مېۋىلەر رەڭدار چېچەكلەرگە تولغان بولۇپ ، كېپىنەكلەر ، ئۇششاق جاندارلار چېچەكلەر ئۈستىدە تىنىمسىز ئەگىيتتى . بۇ گۈزەل مەنزىرە ئابدۇرېھىمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى . ئۇ ، بالىلىق ھېسسىيات ئىلكىدە باغنى ئارىلاپ ، باغۋەن مۇسا تاغىنىڭ قېشىغا باردى . مۇسا تاغا ھەربىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە قۇم يۆلەش ، دەرەخ غولىغا قەغەز يۆگەش بىلەن مەشغۇل ئىدى . مۇسا تاغىنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيران بولغان ئابدۇرېھىم مۇسا تاغىغا سالام بەرگەندىن كېيىن :

— تاغا ، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟ — دەپ سورىدى .

مۇسا تاغا ئابدۇرېھىمنىڭ سوئالىنى ئاڭلىمىغاندەك :

— بالام ، بىكارمۇ سەن ؟ — دەپ سورىدى .

— مەكتەپتىن دەرسنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلدىم ، هازىر ئىشىم يوق ، — دېدى ئابدۇرېھىم .

— ئۇنداق بولسا كەل ، ماڭا ياردەملەشكىن ، ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ بۇ باغدا مېۋىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى پەيدا بولۇپ قالدى ، بىز ئاشۇ دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلىمىز ، قانداق ئوغلۇم ، بىلىڭ چىڭمۇ ؟ — دېدى مۇسا تاغا سىناش نەزىرى بىلەن ئابدۇرېھىمغا قاراپ .

— بىلىم چىڭ . زىيانداشنى يوقىتىدىغان ئىش بولسا ، مەن چوقۇم ئىشلەيمەن . لېكىن تاغا ، بىرەر تالمۇ قۇرت كۆرۈنمەيدىغۇ ؟ ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ قانداق كۈرەش قىلىمىز ؟

— قارا ، هازىر قىشچە ئۇيقۇدا ياتقان قۇرتلارنىڭ تىرىلىپ دەرەخنىڭ گۈل - يوپۇرماقلىرىغا تۇخۇم سالىدىغان ۋاقتى . يېڭى تىرىلگەن قۇرتلارنى دەرەخقە چىقارمىساقلا ئۆلۈپ تۈگەيدۇ ، بۇنىڭ ياخشى چارىسى — دورا چېچىش ، قوم يۆلەش ، قەغەز ئوراش . قوم يۆلىسەك ، قۇرت ئۆمىلىگەندە ، قومدا ماڭالمايدۇ ، ئەگەر مېڭىپ كەتكەنلىرى بولسا ، قەغەزدىن دومىلاپ چۈشىدۇ ، يېقىندا بىر قۇر دورا چاچتۇق ، ئەمدى بۇ چارىنى ئىشلىسەك ، قۇرت دەرەخ شاخلىرىغا چىقالمايدۇ ، ئەگەر ئۇ دەرەخ شاخلىرىغا چىقىۋالىدىغان بولسا ، مېۋىلەرنى نابۇت قىلىدۇ ، بىر يىللىق ئەجرىمىز بىكار كېتىدۇ ، — دېدى مۇسا تاغا چۈشەندۇرۇپ .

شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرېھىم مۇسا تاغىنىڭ يېقىن ياردەمچىسى

بولۇپ قالدى . مۇسا تاغا قانداق قىلغان بولسا ئابدۇرېھىممۇ شۇنداق قىلدى . شۇ كۈنلەردە ئابدۇرېھىممۇ مۇسا تاغىغا ئوخشاش ئالدىراش بولۇپ كەتتى .

كۈنلەر ئۆتتۈەردى ، مۇسا تاغىنىڭ باغدىكى ھەرىكەتلىرى ئابدۇرېھىمنى قىزىقتۇرسا ، ئابدۇرېھىمنىڭ شوخ ، تېتىكلىكى ، نەرسىلەرگە قىزىقىپ تىنىمسىز سوراشلىرى مۇسا تاغىغا يېقىپ قالغانىدى .

بىر كۈنى ئابدۇرېھىم مۇسا تاغىدىن :

— تاغا ، بەزى ئادەملەر مېۋىلىك دەرەخنى تۈۋىدىن ئەمەس ، ئۈچىدىنلا ئۇلايدىكەن . سىز بولسىڭىز تۈۋىدىن كېسىۋېتىپ ئۇلايدىكەنسىز ، قايسىسى ياخشى ؟ — دەپ سورىدى .

— ھە ، شەيتان ، كىچىككىنە تۇرۇپ شۇنىڭغا سەپسالدىڭمۇ ؟ بىزدە ھازىر كەسمە ئۇلاق ، كۆز ئۇلاق ، لىبىر ئۇلاق دەپ ئۈچ خىل ئۇلاق ئۇسۇلى بار . بۇلارنىڭ ھەممىسىلا بولىدۇ . لېكىن ، كەسمە ئۇلاق نازۇكراق ، ئۇلاق پەسلى قىسقا ، تۇتۇپ كەتسە بىر يىلدا ئۆسۈپ كېتىدۇ ، تۇتمىسا يوغان بىر دەرەخ ۋەيران بولىدۇ . ئىشەنچىلىك بولسا كەسمە ئۇلاق قىلساڭ ، مېۋىسىنى ۋاقتىدا يېيەلەيسەن ، — دېدى .

— ئۇنداق بولسا تاغا ، ماڭا كەسمە ئۇلاق ئۇلاشنى ئۆگىتىپ قويۇڭا ، — دەپ تۇرۇۋالدى ئابدۇرېھىم .

— سەن ھازىرچە كۆز ئۇلاقنى ئۆگەنگىن ، كېيىنچە ، يېشىڭ چوڭايغاندا ، كەسمە ئۇلاق قىلىشنىمۇ ئۆگىنىۋالىسەن . كۆز ئۇلاقتىن بىرنەچچىنى ئۇلاپ كۆرەمسەن ؟ — دەپ سورىدى مۇسا تاغا . ئابدۇرېھىم ئىنتايىن خۇشال بو-

لۇپ كەتتى . مۇسا تاغا قەلەمتىرىشنى ئابدۇرېھىمغا تۇتقۇ-
زۇپ ، ئالدى بىلەن قىيچا (كۆز ) تاللاشنى ئۆگەتتى ، كەيى-
نىدىن ئۆزى بىرنەچچىنى ئۇلاپ كۆرسەتكەندىن كېيىن ،
ئابدۇرېھىمنى ئۇلاشقا رىغبەتلەندۇردى . بىرىنچىسىنى ئۇلد-
غاندا ئابدۇرېھىم ھاياجاندىنمۇ ياكى «تۇتماي قالارمىكىن»
دەپ ئەنسىرىگەنلىكتىنمۇ قوللىرى تىترەيتتى . مۇسا تاغا
بولسا ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ :

— ياخشى ، جايىدا بولدى ، قولۇڭ تىترىمىسۇن ،
كۆڭلۈڭنى توختات ، — دەيتتى . ئابدۇرېھىم بىرنەچچە
شاخقا كۆز ئۇلاق سىلىپ ، ئۆزى ئۇلىغان شاخلارغا بەلگە
ئۈچۈن قىزىل بوغقۇچ چىگىپ قويدى .

كېيىنكى كۈنلەردە ئابدۇرېھىم دەرسلىرىنىمۇ ئاشۇ
باغدا — مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىدا تەكرارلايدىغان بارىدى-
غان بولدى . ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىنى پېشقەدەم باغۋەننىڭ
مېھرى ئىللىتىپ ، ئۇنىڭدا يېڭى بىر ئارزۇ ئويغاتقانىدى .

ئابدۇرېھىم كىچىك بىر قەلەمتىراش سېتىۋالدى ، باغقا
كىرىپ بىكار قالغان چاغلىرىدا مۇسا تاغىنى دوراپ ئۇلاقلار
يېنىدىن چىققان يۇمران ھارام شاخلارنى قىرقىدى . بۇنداق
چاغلاردا مۇسا تاغا :

— بالام ، ئاۋۇ يېڭى ئۇلاقلارنى ئاۋايلىغىن ، سەللا
بىخەستەلىك قىلساڭ ، يېرىلىپ كەتسە ، ئەجرىمىز بىكار
كېتىدۇ ، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قوياتتى .

مۇسا تاغا تىنىم تاپمايدىغان ئادەم ئىدى . ئۇ ، ھەردائىم
«ئەمگىكىڭ قاتتىق بولسا ، مېۋىسى تاتلىق بولىدۇ» دەيت-
تى . شۇڭا ، كىشىلەرمۇ : «بۇ باغنىڭ مېۋىسى سەرخىل ،
تەمى تاتلىق» دەپ تەرىپلىشەتتى . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن

ئابدۇرېھىم باغدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى ئاپىسى ئىزدەپ قالسا ئۇدۇللا باغدىن تاپاتتى.

ياز كېلىپ، مېۋىلەر كەينى ـ كەينىدىن پىشىشقا باشلىدى. باغقا مېھرى چۈشكەن ئابدۇرېھىم خۇددى مۇسا تاغىدەك باغنى ئاسرايتتى، چوڭلارغا ئەگىشىپ باغقا كىرگەن تەڭتۇشلىرىغا مۇسا تاغىنى دوراپ:

— ئېھتىيات قىلىڭلار، يېڭى ئۆلاقلار سۇنۇپ كەتمىسۇن! — دەپ قوياتتى.

كېيىنكى چاغلاردا ئابدۇرېھىم باغقا كىرىپ ئۇدۇل ئۆزى ئۆلىغان شاخلارنىڭ يېنىغا بېرىپ زەن قويىدىغان بولدى. مۇسا تاغا بولسا، ئەمدى باش بارماقتەك يوغىنىغان بىر ئۆلاق كۆچەتكە ھەر دائىم دىگۇدەك ئېتىبار بىلەن قارايتتى. مۇسا تاغىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى سەزگەن ئابدۇرېھىم:

— تاغا، شۇنچە كۆپ دەرەخ تۇرسا بۇ بىر توپ ئۆلاققا ھەر كۈنى نەچچە قېتىم قارايدىكەنسىز، بۇ ئالاھىدە دەرەخمۇ ـ يا؟ — دەپ سورىۋىدى، مۇسا تاغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سەنمۇ ئۆزۈڭ ئۆلىغان ئۆلاققا ھەر كۈنى نەچچە قېتىم قارايسەنغۇ؟ ئىككىمىزنىڭ ھەرىكىتى ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— باشقا دەرەخلەرنىمۇ سىز ئۆلىغانغۇ؟ ئەجەب بىر ئۆلاققا ...

— بۇ يېڭى سورتلۇق ئۆرۈك، بالدۇر پىشىدۇ، تەمى شېرىن، دانىسى يوغان؛ مەن ئۆرۈك خىللىرىنى چېتىشتۇرۇپ ئۆلاپ يۈرۈپ، ئاخىر بۇ سورتنى يېتىشتۈردۇم، مانا بۇ شۇنىڭ 2 ـ ئەۋلادى. بۇ يىل مېۋە بولدى. ئەسلىي ئۈچ

تال قىپچا سانجىغانىدىم ، ئۆتكەن يىل قاتتىق بوراندا ئىككى تېلىنى يېرىۋەتتى ، بۇنىڭ ئۆرۈكى پىشقاندا ئاغزىڭغا سالدىغان بولساڭ ئېرىپلا كېتىدۇ ، — دېدى .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئابدۇرېھىمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى . ئۇ ، بۇ ئۆرۈكنىڭ چاپسانراق پىشىشىنى كۈتەتتى ، ئۇمۇ مۇسا تاغىدەك بۇ كۆچەتكە كۈندە بېرىپ قارايدىغان بولدى . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن غورىلار چوڭلاپ شاخلىرىنى ساڭگىلاتتى . مۇسا تاغا ھېلىقى يېڭى سورتلۇق ئۆرۈك كۆچىتىدە سەككىز دانە غورا قالدۇرۇپ ، قالغانلىرىنى ئۈزۈۋەتتى . بۇ ئىشتىن ھەيران قالغان ئابدۇرېھىم :

— شۇنچە ياخشى ئۆرۈك بولىدىغان غورىلارنى نېمىشقا ئۈزۈۋېتىسىز تاغا ؟ — دەپ سورىدى .

— ساڭا ئېغىر يۈك ئارتىپ قويساق كۆتۈرەلەمسەن ؟ بۇ كۆچەتمۇ تېخى كىچىك ، بۇ غورىلارنى ئۈزۈۋەتمىسەڭ باقالمايدۇ ، كۆتۈرەلمەي كۈچەپ قالىدۇ . كېيىنكى يىللاردا ئەھۋالغا قاراپ ھەممە غورىسىنى پىشۇرساڭمۇ بولىدۇ . شۇنداق قىلغاندا ، دەرەخ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ ، — دېدى .

ئابدۇرېھىم باغۋەنچىلىكنىڭ سىرلىرىنى بارا - بارا چۈشەنمەكتە ئىدى . بىركۈنى ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ باغقا كىرسە ، مۇسا تاغا تاماققا كەتكەنىكەن . ئۇ ، ئۇدۇل ھېلىقى مۇسا تاغا تەربىيىلىگەن كۆچەتنىڭ قېشىغا باردى ، شاخنىڭ ئۇچىدا بىر دانە ئۆرۈك قىزغۇچ سېرىق رەڭگە كىرىپ پىشقانىدى .

ئابدۇرېھىم ئىنتايىن خۇشاللاندى . بىردىن مۇسا تاغىنىڭ بۇ ئۆرۈك توغرىسىدىكى تەربىيىلىرى ئېسىگە چۈشۈپ ، ئۈزۈپ باققۇسى كەلدى . شاخنى سىلكىپ چۈشۈرەي دېسە ،

ھېسابلىق قالدۇرغان باشقا خام غورىلارنىڭمۇ چۈشۈپ كېتى-
شىدىن قورقاتتى . شۇڭا ، ئۇ شاخنى ئاستا ئېگىپ ئۈزمەك-
چى بولدى . مانا ، پىشقان ئۆرۈككە قولى يېتىشكە ئاز
قالدى . ئابدۇرېھىم پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ قولىنى
پىشقان ئۆرۈككە ئەمدى تەگكۈزۈۋىدى ، «چارس» قىلغان
ئاۋاز بىلەن مۇسا تاغا ئۈچ يىلدىن بېرى ئۆز بالىسىدەك
ئاسراپ ئۆستۈرگەن كۆچەت قىڭغايدى . كۆچەت ئۇلىغان
يېرىدىن يېرىلغانىدى . ئابدۇرېھىمنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن
چىقىپ كەتتى ، ئۇنىڭ مەڭزىلىرى ئوت بولۇپ ، كۆڭلىدە
«مۇسا تاغامغا نېمە دەرمەن ؟ » دېگەن ئاچچىق پۇشايمان
كەچتى . ئازدىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ ، «كېتەي ،
باغدىن تېزرەك كېتەي ، مۇسا تاغامغا كۆرۈنمەي كېتەي ،
مېنى ھېچكىم كۆرمىگەندىن كېيىن» دېدى - دە ، ئالدىراش
سىرتقا قاراپ ماڭدى . ئۇ پات - پات كەينىگە بۇرۇلۇپ
ھېلىلا قىڭغايغان ، يوپۇرماقلىرى سولىشىشقا باشلىغان ئا-
شۇ كۆچەتكە ئەلەم بىلەن قارايتتى .

ئابدۇرېھىم باغدىن قانداق قايتىپ چىققانلىقىنىمۇ بىل-
مىدى . ئۇنىڭ باللىق يۈرىكىنى بىر نېمە مۇجۇغاندەك بولا-
تتى . ئۇ ئۆزىنى ھەرقانچە تىنچلاندۇراي دېسىمۇ ، لېكىن
قاملاشمىغان قىلىقىنى ھامان ئېسىدىن چىقىرالمايتتى .

ئابدۇرېھىم ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئۆگزىسىگە چىقتى ،
ئۆگزىدە باغقا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆكتى . ئۇ ، كۆڭ-
لىدە : «بىچارە مۇسا تاغام ، مۇشۇ تاپتا باغقا باردى ، سۆ-
يۈملۈك كۆچىتىنىڭ قايرىلغان ھالىتىنى كۆردى ، ئۇ قاند-
داق ئازابلىنىۋاتقاندۇ ؟ كۆچەتنى يىرغۇچىنى تىللىغاندىمۇ ؟
قىڭغايغان كۆچەتكە قاراپ يىغلاۋاتقاندىمۇ ؟ ھەي ، مېنىڭ شۇ

نەپسىم ! ... مەيلى ، بولار ئىش بولدى ، ھېچكىم كۆرمە-
دى ، مۇشۇ تاپتا باغقا باراي ، مۇسا تاغامغا بولۇشۇپ كۆچەت-
نى يىرغۇچىنى بىرلىكتە ئەيىبلەي ، مۇسا تاغام ھېچقاچان
مەندىن گۇمانلانمايدىغۇ ؟ » دېگەنلەرنى ئويلىدى - يۇ ، بىر-
دىن تۆتىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقاندا «ئەدەبىيات» دەرسىدە
ئۆگەنگەن «سەمىمىي بالا ساندى» دېگەن ھېكايە ئېسىگە
چۈشتى . ئۇ شۇ دەرستە راستچىل ، سەمىمىي بولۇشنىڭ
ئەڭ ئالىي پەزىلەت ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلىگەنىدى . ئەم-
دى ئۆزى خىجىل بولماي يالغان سۆزلىمەكچى بولۇۋاتاتتى .

ئابدۇرېھىمنىڭ شۇ مىنۇتلاردىكى مۇرەككەپ ھېسسى-
ياتىنى ، قەلب ئازابىنى تەسۋىرلەپ بېرىش قىيىن . ئۇ مۇسا
تاغىنىڭ ھالىغا ئېچىناتتى . ئاخىر ئويلا - ئويلا ، مۇسا
تاغىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى ئىقرار قىلىش قارا-
رىغا كەلدى .

ئابدۇرېھىم باغقا كىرگەندە ، مۇسا تاغا بېشىنى ساڭگى-
لاتقان ھالدا خىيال سۈرگەندەك ئولتۇراتتى . ئابدۇرېھىم-
نىڭ يۈزلىرى خىجىللىقتىن قىزىرىپ چىمىلداپ كەتتى .
ئۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەيت-
تى ، ئابدۇرېھىم مۇسا تاغىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندىمۇ مۇسا
تاغا ئۇنى سەزمىدىمۇ ياكى خاپىچىلىقىدا ئېتىبار قىلمىدى-
مۇ ، بېشىنى كۆتۈرمىدى . پۇشايمان قاچىسى توشقان ئابدۇ-
رېھىم ئۆزىنى تۇتالماي «تاغا» دەپ ۋارقىرىۋەتتى . بېشىنى
كۆتۈرگەن مۇسا تاغا يۈزلىرى ئانار دانىسىدەك قىزارغان ،
ئىككى مەڭزىنى بويلاپ پۇشايمان ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈ-
لۈۋاتقان ئابدۇرېھىمنى كۆردى .

— كەلدىڭمۇ ، بالام ؟ — دېدى ئۇ ئاستاغىنا .

ئابدۇرېھىم ئەمدى ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى ، ئۇ ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە :

— تاغا ، مېنى ئۇرۇڭ ، مېنىڭ مۇشۇ قوللىرىمنى سۇندۇرۇۋېتىڭ ، مەن ... مەن سىزنىڭ ئۈچ يىللىق ، ياق ، ئون يىللىق ئەجرىڭىزنى ۋەيران قىلدىم ... — دېدى .

— يىغلىما ، نېمىلا قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ ، ساۋاق ئال ، مەن ئاشۇ بىر دانە ئۆرۈكنى ئەتە ساڭا ئۈزۈپ بەرمەكچىدىم ، ئالدىراپ كېتىپسەن ، مەن سېنىڭ قىلغانلىقىڭنى ئاللىقاچان بىلگەنىدىم ، راست سۆزلىدىڭ ، راست سۆزلەش ، يالغان ئېيتماسلىق ئېسىل پەزىلەت ، — دېدى مۇسا تاغا ئاتىلىق كۆيۈنۈش بىلەن ، — ھاياتلا بولسام يەنە ئۈچ يىلدا بۇ ئۆرۈككە سېنى ئېغىز تەگكۈزىمەن .

— تاغا ، ئەمدى بۇ كۆچەتكە باشقا ئامال يوقمۇ ؟ دادام سۇنغان سۆڭەكلەرنى تېڭىپ ئۇتقۇزىدىغۇ ؟ تاڭسا ئۇتماسمۇ ؟ — دېدى ئالدىراپ ئابدۇرېھىم .

— يۈر ، قايتا قاراپ باقايلى ، تېڭىشقا بولىدىغانلا بولسا ، تېڭىپ كۆرەيلى ، — دېدى مۇسا تاغا . ئۇ ئابدۇرېھىمنى باشلاپ قىڭغايغان كۆچەت تۈۋىگە باردى . مۇسا تاغا كۆچەتكە سىنچىلاپ قاراپ :

— تېڭىپ كۆرەيلى ، قايتىدىن كۆكلىسە تەلىيىمىز ، كۆكلىمىسە كېلەر يىلى باشقىدىن ئۇلارمىز ، سەن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ، چوڭ ئاناڭدىن ئۇزۇنراق لاتا ئەكەلگىن ، — دېدى . ئابدۇرېھىم دەرەخ ئارىلىرىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ ، ئۇدۇل ئۆز ئۆيىگە باردى - دە ، دادىسىنىڭ تېڭىق ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان لاتىسىدىن بىر توپنى ئېلىپ ، باغقا بىردەمدىلا يېتىپ كەلدى .

مۇسا تاغا قىڭغايغان شاخنى ئاۋايلاپقىنا ئۆز ئورنىغا يۆلىدى ، ئابدۇرېھىمنى مىدىرلاتماي تۇتۇشقا بۇيرۇپ ، يېرىلغان يەردىن دەرەخ كۆتىكىگە چىرماپ لاتا بىلەن چىڭ تاڭدى ، ئۇنىڭ ئۇستىنى تانا بىلەن باغلىدى ، بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلمىغان مۇسا تاغا بىر تال ئاچىنى ئېلىپ كېلىپ كۆچەتكە تىرەپ ، كەتمەن بىلەن ئەتراپىغا توپا يۆلەپ قويدى .

بۇ ئىشتىن كېيىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى ، سۇنغان كۆچەتنىڭ يوپۇرماقلىرى سولىشىپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى ، ئابدۇرېھىمنىڭ ھەر قېتىم ئۇنىڭغا قارىغاندا يۈرىكى ئېچىشاتتى .

ئارىدىن 15 كۈن ئۆتتى . ئابدۇرېھىم مەكتەپكە بارغىچە ھېلىقى تېڭىلغان كۆچەتكە ھەر كۈنى قاراپ قويۇپ ماڭاتتى ، بۇگۈنمۇ ئادىتى بويىچە باغقا كىرىپ قارىغىنىدى ، تۆكۈلگەن يوپۇرماقلار ئىزىدىن يۇمران كۆكلىگەن بىخلارنى كۆردى ، ئۇ خۇشاللىقىدا ھاياجىنىنى باسالماي ، ئۇلانغان ئۇلاقلارنى تەكشۈرۈۋاتقان مۇسا تاغىنى چاقىرىپ :

— تاغا ، ... كۆكلەپتۇ ... تاغا ، كۆكلەپتۇ ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ، ئۇنىڭ ئاۋازى باغنى بىر ئېلىپ ياڭرىدى .

ئابدۇرېھىمنىڭ قېشىغا كۈلۈمسىرەپ يېتىپ كەلگەن مۇسا تاغا :

— سېنىڭ ئۇلاقلىرىڭمۇ كۆكلەپتۇ بالام ، — دەپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى ، ئابدۇرېھىم ئاغزىغا تەگمەي :

— قاراڭ تاغا ، بىخلاپتۇ ، مانا كۆكلەپتۇ ، ئەمدى ئەجرىڭىز بىكار كەتمەيدىغان بولدى ... — دەيتتى .

— كۆكلىسۇن ، سىلەرمۇ كۆكلەڭلار بالام ! — دېدى

مۇسا تاغا ھاياجانلانغان ھالدا .

خۇددى ئۇستىدىكى ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلىنىپ، يەڭگىللەپ قالغاندەك بولغان ئابدۇرېھىم ئۆزىنى مۇسا تاغىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى ـ دە، «كۆكلەپتۇ، ئاخىر كۆكلەپتۇ» دەپ ئۆزى ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى. شۇ تاپتا پۈتۈن باغمۇ «كۆكلەپتۇ» دەپ شىۋىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى .

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى ئىچىڭىزدە ئوقۇپ، بۆلەكلەرگە بۆلۈڭ ھەمدە ھەربىر بۆلەكنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭ .

2 . ئابدۇرېھىم نېمە ئۈچۈن ئۆز قىلمىشىنى مۇسا تاغىغا ئېيتتى ؟

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىڭ .

1 ) ئۇنىڭ بالىلىق سەبىي قەلبىنى پېشقەدەم باغۋەننىڭ مېھرى ئىللىتىپ، ئۇنىڭدا يېڭى بىر ئارزۇنى ئويغاتقاندى .

2 ) ئەمگەكنىڭ قاتتىق بولسا، مېۋىسى تاتلىق بولىدۇ .

3 ) مەن سېنىڭ قىلغانلىقىڭنى ئاللىقاچان بىلگەندىم، راست سۆزلىدىڭ، راست سۆزلەش، يالغان ئېيتماسلىق ئېسىل پەزىلەت .

4 . تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ .

يېزىقچىلىق

# شەيئىلەرنىڭ باغلىنىشىغا دىققەت قىلىش لازىم

«يىلان ۋە زىرائەت» دېگەن تېكىستتە شەيئىلەر ئوتتۇ-رىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت سۆزلەنگەن. يامغۇر ياغسا، يەر ھۆل بولىدۇ؛ كۈن چىقسا، نەرسىلەر ئاسان قۇرۇيدۇ؛ ئوت نەرسىلەرنى كۆيدۈرەلەيدۇ، سۇ ئوتنى ئۆچۈرەلەيدۇ. بۇ ھادىسىلەر شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاددىي مۇناسىۋەت. ۋەھالەنكى، يىلان بىلەن زىرائەت، مۈشۈك بىلەن بېدىگە كەلسەك، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى مۇ-رەككەپ. بىز تېكىستنى ئوقۇغاچ، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

«سۇغا سەكرەش» دېگەن تېكىستنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭدا ئاساسەن پاراخوتتىكى ئادەملەر بىلەن مايمۇن ئوتتۇ-رىسىدىكى مۇناسىۋەت سۆزلەنگەن.

ۋەقەلىك ماتروسلارنىڭ مايمۇننىڭ قىلىقىدىن خۇشال بولۇپ، كۈلۈشكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. كىشىلەرماي-مۇننىڭ قىلىقىدىن كۈلۈشكەنسېرى، ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئەزۋەيلەپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بىلەن مايمۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پەيدا بولغان.

مايمۇن ھەددىدىن ئېشىپ، بىر بالىنىڭ شەپكىسىنى

ئېلىنىۋېلىپ ، بېشىغا كىيىۋالغان ۋە ناھايىتى تېز لا پاراخوت
مومىسىغا چىقىۋالغان . شۇنىڭ بىلەن ، مايمۇن بىلەن بالا
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارلىققا كەلگەن . دەسلىپىدە
كىشىلەر مايمۇننىڭ قىلىقىدىن ھۇزۇرلانغان بولسا ، ئەمدى-
لىكتە مايمۇن بالىنىڭ قىلىقىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى . ماي-
مۇن ھەر خىل قىلىقلارنى قىلىپ ماتروسلارنى كۈلدۈرۈپ ،
بالىنى يا يىغلاشنى ، يا كۈلۈشنى بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈ-
رۈپ قويدى . مايمۇن تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ، شەپكىنى يىرتىپ
جۇلۇقىنى چىقارغاندىن سىرت ، يەنە ھەر خىل شەيتانلىقلار-
نى قىلىپ ، بالىنى موما ياغاچقا چىقىشقا ۋە ئۆزىنى قوغلاشقا
مەجبۇر قىلدى .
بالا مايمۇننى قوغلىغانسېرى ، مايمۇن تېخىمۇ كۆچەپ
يۇقىرىغا ياماشتى . بالا «سەن قاچالمايسەن !» دەپ ۋارقىرى-
غاچ ، يۇقىرىغا يامىشىۋەردى ، مايمۇن پات - پات كەينىگە
قاراپ ، بالىنىڭ تېخىمۇ چىشىغا تەگدى ، بالىنىڭ ئاچچىقى
كېلىپ ، مايمۇننىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۇقىرى ئۆرلەۋەر-
دى . ئۇلار موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا چىقاي دەپ قالغاندا ،
مايمۇن بالىنىڭ شەپكىسىنى ئەڭ يۇقىرىدىكى توغرا ياغاچ-
نىڭ بىر ئۇچىغا ئېلىپ قويۇپ ، ئۆزى مومىنىڭ ئۇچىغا
چىقىۋېلىپ ، غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ بالىنى تېرىكتۇرۇ-
ۋەردى . بالا مومىنى قويۇۋېتىپ ، توغرا ياغاچقا چىقتى .
مايمۇن مومىنىڭ ئۇچىدا بولغاچقا ، بىخەتەر ئىدى . مەسىلە
بالىنىڭ ئۇستىگە مەركەزلەشتى . ئۇ توغرا ياغاچتا مېڭىۋات-
قاچقا ، ئايىغى تېيىلىپ كەتسىلا ، ھاياتىدىن ئايرىلىش خەۋ-
پى بار ئىدى . بالىنى قانداق قىلىپ ئوڭۇشلۇق تۇردە چۈ-
شۈرۈۋېلىش — مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى .

پاراخوتتىكىلەر ئاۋۋال گەپ ـ سۆز قىلماي بالىغا قارىغىنىد. چە تۇرۇپ قىلىشتى ، بىردەمدىن كېيىن قورقۇپ ۋارقىرى. ۋەتتى . مانا شۇ چاغدىلا بالا ئۆزىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرغانلىقىنى ، پەسكە قارىغىنىدا ، پۇتلىرى دىرىلدەشكە باشلىغانلىقىنى سەزدى ، مەسىلە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى ، ۋەقەلىك راۋاجلىنىپ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى .

ۋەقە راۋاجلىنىپ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندىلا ، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى تېپىلىدۇ . مۇشۇ ئەڭ جىددىي ۋە خەتەرلىك پەيتتە ، كاپىتان كېمە بۆلمىسىدىن چىقىپ ، ئوغلىنىڭ توغرا ياغاچتا ، ھاياتى بولسا خەۋپ ئاستىدا تۇر. غانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا. سىۋەت راسا جىددىي ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى . كاپىتان قولىدى. كى مىلتىقنى ئوغلىغا چەنلەپ ، دەرھال سۇغا سەكرە ، بول. مىسا ئاتىمەن ، دەپ بۇيرۇق قىلدى . بالا دېڭىزغا ئۆزىنى ئاتتى ، ماتروسلار ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقتى .

بۇ تېكىستتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، بىرىن. چى ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ، شەيئى. لەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا دىققەت قىلىش ، قانداق شەيئىلەرنىڭ قانداق باغلانغانلىقىنى بىلىۋېلىش لازىم ؛ ئىك. كىنچى ، ۋەقەلىك بايان قىلىنغان ئەسەردە ، ۋەقەلىك را. ۋاجلانغانسېرى شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ـ مۇنا. سىۋەتمۇ ئۆزگىرىدۇ ، قانداق ئۆزگىرىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىش لازىم . مۇشۇنداق قىلغاندا تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىپلا قالماستىن ، بەلكى ئەسەرنى تېخىمۇ رەتلىك يېزىپ چىققىلى بولىدۇ .

## بەشىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى قويۇپ ، جۈملىلەرنى تولۇقلاڭ .

بېرىلگەن سۆزلەر : باتۇرلۇق بىلەن ، ئۆز ھاياتىنى قىلچە ئويلىماي ، مىغ ـ مىغ ، شالاڭ

1 ) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى رىزۋانگۈل ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى يولىدا (          ) ، ئۆز سەپ-دىشىنى قۇتقۇزۇش جەريانىدا ئوق تېگىپ قۇربان بولدى .

2 ) بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولمىسىمۇ ، كوچىلاردا ئادەم (          ) ئىدى .

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭ ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭ ، ئاندىن بېرىلگەن جۈملە شەكلى-دىن پايدىلىنىپ ، ئاغزاكى جۈملە تۈزۈڭ .

1 ) <u>ئەگەر</u> ۋاقىت يەتمىسە ، بازارغا بارمىساقمۇ <u>بولىدۇ</u> .

2 ) ئۇيقۇڭ كېلىپ كەتكەن <u>بولسا</u> ، تېلېۋىزور كۆرمى-سەڭمۇ <u>بولىدۇ</u> .

ئەگەر ••• ، ••• بولىدۇ

••• بولسا ، ••• بولىدۇ

3 . تۆۋەندىكى رېتى قالايمىقان ئابزاسلارنى ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە رەتلەپ يېزىڭ .

ئەتىسى ، قارا تاختا گېزىتىنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن سا-

ۋاقداشلار يىغىلىشۋالدى . ئاينۇر دانە ـ دانە قىلىپ : «ساۋاقداش ئادىلنىڭ پىكرى توغرا ، كەمچىلىكىمنى تۈزىتىپ ، ئىنقىلابنىڭ ياخشى ئىز باسارى بولۇشقا ۋەدە بېرىمەن . گۈلزار ، 6 ـ مارت» دەپ ئوقۇدى ۋە ئوقۇپ بولۇپلا : «ئەجەب ياخشى يېزىپتۇ ، ياخشى !» دېدى .

پىئونېرلار ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقىنى قايتا سايلاشتىن بىر كۈن ئاۋۋال ، نۇرغۇنلىغان ساۋاقداشلار قارا تاختا گېزىتىنىڭ ئالدىغا ئولىشىۋېلىپ ، نېمىنىدۇر تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتاتتى . سېمىزغىنا كەلگەن بىر ئوغۇل بالا : «ساۋاقداش گۈلزار ئۆيىدە ئىش ـ ئەمگەككە ياردەملەشمەيدۇ . ئەترەت كادىرى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس . كىمكى ئۇنى سايلىسا ، ھەرگىز قوشۇلمايمەن . ئادىل ، 5 ـ مارت» دېگەنلەرنى ئوقۇدى . بىر قىز ساۋاقداش ئالدىراپلا : «گۈلزارنى ئەمگەك سۆيمەيدۇ دېگەنمۇ نېمە ؟ گۈلزار ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەكتەپكە كېلىپ سىنىپلارنى سۈپۈرىدىغۇ ؟ ھەر قېتىمقى ئەمگەكتىن كېيىن ئىلغار بولۇپ سايلىنىدىغۇ ؟» دېدى . ھېلىقى سېمىز بالا : «ھەي ، ئادىل ئۇنى ئۆيىدە ئىش- ئەمگەككە ياردەملەشمەيدۇ ، دەپ ئېنىق يېزىپتۇ !» دېدى .

گۈلزار مەكتەپتىن ئۆيىگە كېلىپ ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى . مومىسى : «قىزىم گۈلزار ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىدىڭمۇ ـ نېمە ؟» دېدى . گۈلزار ئاچچىقى بىلەن : «ئادىل مېنى ئۆيىدە ئىش قىلمايدۇ ، ئەمگەك قىلمايدۇ دەۋاتىدۇ» دېدى . مومىسى : «ھە ، ئادىل سەندىن ئوبدانراق ئىش قىلىدۇ ، ھەر كۈنى ئەخلەت چېلەكنى كۆتۈرۈپ چىقسام ، قولۇمدىن

ئېلىۋالىدۇ ، ئۇن ، ياغ ئەكىلىشىمگە ياردەملىشىدۇ . ئۇ توغرا ، دەپتۇ ، سەن خاپا بولماي ، تەنقىدنى قوبۇل قىل بالام ، شۇنداق قىلساڭ ، تېخىمۇ ياخشى بالا بولىسەن » دېدى .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن پىئونېرلار ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقىنى قايتا سايلاش ئېلىپ بېرىلدى . ئادىل گۈلزارنىڭ ئىسمىنىڭ ئۆدۈلىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، بەلگە قويدى . ئۇ ساۋاقداشلىرىغا : «گۈلزار تۈنۈگۈن كەچتە ، ھويلىمىزنى سۈپۈرۈپ تازىلىدى . ئايخان چوڭ ئانامنىڭ ئىشكى ئالدىغا تېرىلغان كاۋىسىغا باراڭ ياساپ بەردى ، يەنە… بولدىلا ، قالغىنىنى مومىسىدىن سوراپ بېقىڭلارچۇ !» دېدى .

بۇ چاغدا ئادىل ئورنىدىنمۇ تۇرماي : «ئىشەنمىسەڭلار گۈلزارنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭلارچۇ ، ئۇ ئۆيىدە بىرەر قېتىم ئەخلەت تۆكۈپ باقتىمىكىن ؟ ھويلا - ئارامنى بىرەر قېتىم سۈپۈرۈپ قويدىمىكىن ؟» دېدى . گۈلزار ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى تۇرۇقلۇق ، ئۆيىدە راستتىنلا مۇشۇنداق قىلامدىغاندۇ ؟ دەپ قېلىشتى ساۋاقداشلارنىڭ كۆپچىلىكى .

4 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تېگىشلىك تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ كۆچۈرۈڭ .

1 ) مەكتەپ ئەكىرگەن قەيسەر يۈرەك دېگەن كىنو بەك ياخشىكەن

2 ) يەكشەنبە كۈنى دادام بىلەن خەلق باغچىسىغا بارساق ئەتىرگۈل مۇدەنگۈللەر راسا ئېچىلىپ كېتىپتۇ

3 ) مېنىڭ ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن ئۇكام قوللىرىنى پۇكۇپ بىر ئىككى ئۈچ تۆت دەپ ئۇنغىچە ساندى

4 ) مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا «تارىم غۇنچىلىرى» «شىنجاڭ ياشلىرى» دېگەن ژۇرناللار ۋە مۇئەللىم «مېنى كەچۈرەمسىز» «ئون ئۈچ يېرىم» يېشىمدا قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلار قويۇلغان

5 . «كۆكلىگەن ئۇلاق» دېگەن تېكىستنى قايتا ـ قايتا ئوقۇڭ ، ئاندىن «شەيئىلەرنىڭ باغلىنىشىغا دىققەت قىلىش كېرەك» دېگەن بىلىمگە ماسلاشتۇرغان ھالدا ، مۇسا تاغا بىلەن ئابدۇرېھىم ۋە ئۇلار بىلەن باغ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ، بۇ باغلىنىش ـ مۇناسىۋەتنىڭ قايسى ۋەقەلەر ئارقىلىق كۆچىيىپ بارغانلىقىنى ، ئاخىر قانداق بولغانلىقىنى ئۆز چۈشەنچىڭىزنى بويىچە سۆزلەپ بېرىڭ .

6 . بېرىلگەن ئۈلگىگە ئاساسەن ، تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭ .

بېرىلگەن سۆزلەر : سۆزسىز ، ئېھتىمال ، ھەقىقەتەن ، راستىمنى ئېيتسام ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە

ئۈلگە : سۆزسىز — ئۇ بۇ ئىمتىھاندىن سۆزسىز ياخشى ئۆتۈپ كېتىدۇ .

# 16 . چۇجە بىلەن سېغىزخان[1]

تېخى چۇجە چىقمىغان چاغ (تۇخۇمنىڭ ئىچىدە) ،
كۆرۈپ سېغىزخان يەۋالماقچى ئۇنى چۇشىدە .
ئۆتمۇشتىن تارتىپ مەلۇم ئۇ شور تۇمشۇقنىڭ دەستى ،
سۆز ئاچقىنىم ئۆتمۇشتىن چۆچەك ئېيتىشنىڭ قەستى .

قارا بۇلۇتلار تارىلىپ ئۇچۇۋاتىدۇ ،
كۈن يۈزىمۇ كۈلۈمسىرەپ چىقىۋاتىدۇ .
قويۇق لايقى سۇلار ئاقتى ،
بۇ تازا ئەتىياز ۋاقتى .
چۇجە ئاپتاپقا قارىدى زوقى بىلەن ،
ماڭدى ئۇ تەمتىلەپ ئاستا قىر بىلەن .
كەلدى سېغىزخان يورغىلاپ ،
توختاتتى چۇجىنى چوقۇلاپ .
ۋالاقلاپ ئېچىلدى شور تۇمشۇقى :
«نەگە بارىسەن هەي پەسنىڭ ئوغلى ؟
كەڭ دالاغا هاياسىز دەسسەپسەن !
يا ماڭا تەزىم قىلىپ ئۆتمەيسەن !
قارا ، تۇمشۇقۇم ئۇزۇن سەندىن .
تېخى قۇيرۇقۇمۇ ئاندىن ،

① بۇ شېئىرنى مەسەلنىڭ ئاپتورى زۇنۇن قادىرى (1912—1989 ـ يىللار)

ھەي ، تىلىڭ تۇتۇلدىغۇ بەڭۋاش !
ھېچ سۆز چىقمايدىغۇ سەن ياماندىن ! »

ئويىندى قاپقارا كۆزى ، شۇمشەيدى چۇجە ،
يۇمشاق ئاۋازدا كەلدى تىلى سۆزگە :
«ھېچ ··· ھېچ يامانلىق قىلمىدىم جاناب سىزگە ،
چوقۇپ ئازار بەرمىسىلە بىزگە . »
ئاچچىق قىلىپ سېغىزخان يەرگە بىرنى تەپتى ،
قۇيرۇقى كۆتۈرۈلۈپ لەپەڭلەپ كەتتى .
«ھى ···م ، ھېچ يامانلىق يوق سەندە ؟ ! »
«شۇنداق تەقسىر ، ئەلۋەتتە . »
«قانائەت قىلماي كاتەكتىن چىقتىڭ ،
ئەيمەنمەي ئالدىمدىن ئۆتتۈڭ ! »
«تېخى ئەمدىلا قەدەم تاشلىغىنىم ،
يامانلىقمۇ ، تىرىكچىلىكنى باشلىغىنىم ؟ »
«ھەي پەس ! بۇ سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ ،
مۇشتەك تۇرۇپ مېنى ھاقارەت قىلغىنىڭ !
كەڭ دالاغا چىقىپ دان ئىزدىگىنىڭ ،
يامانلىق ئەمەسمۇ شۇ سېنىڭ .
چۇنكى بۇ دالادا مەن ياشايمەن ،
قاقاقلاپ كۈلۈپ ، مەن سەكرەيمەن . »
«خاپا بولمىسىلا ھۆرمەتلىك ، دانمۇ تاپمىدىم . »
تېخى كەڭ دالادا بىر كاپاممۇ ئالمىدىم . »
«بولمىسا كەيپىمنى بۇزماقچىمىدىڭ ،
ياكى داۋانغا چىقىپ قىچقارماقچىمىدىڭ ؟ »
«يېڭىدىن كۆز ئاچتىمغۇ دۇنياغا ،

هازىرلا چىقاتتىمۇ داۋانغا،
ياكى چۈشەتتىمۇ يارغا...»
«بەس ئەخمەق، ئاسمانغا قارىدىڭ،
جاھان ئىسسىسۇن دەپ تىلىدىڭ.
شۇملۇقۇڭدىن ئىسسىماقچى جاھان،
چۈۋۈلۈپ كەتمەكچى بىزنىڭ كونا ماكان.
كۆل بولۇپ كېتىمەن ئاپتاپتا،
كۆزۈڭنى چوقۇيمەن شۇ تاپتا!» —
دېدى سېغىزخان چوقۇلاپ چۈجىنى،
قانغا بويىۋەتتى باش - كۆزىنى.

1947 - يىل، غۇلجا.

**كۆنۈكمە**

1. بۇ شېئىرىي مەسەلنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ:

1) سېغىزخان چۈجىگە قانداق بەدناملارنى چاپلىدى؟ چۈجە نېمىلەرنى دەپ سېغىزخانغا رەددىيە بەردى؟

2) سېغىزخاننىڭ ئەسلىي مەقسىتى نېمە؟

3) بۇ شېئىرىي مەسەلدىن نېمىنى چۈشەندىڭىز؟

2. ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن روللارغا بۆلۈنۈپ، بۇ شېئىرىي مەسەلنى ھېسسىياتلىق، توغرا ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

3. بۇ شېئىرىي مەسەلنى ئۆزىڭىزدىكى ۋەقەلىك تەرتىپى

بويىچە ھېكايە قىلىپ بېرىڭ .

4 . بۇ شېئىرىي مەسەلنى تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بويىچە نەسرىي شەكىلدە يېزىپ چىقىڭ .

1 ) چۈجە سىرتقا چىقتى ؛

2 ) سېغىزخان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ؛

3 ) چۈجە بىلەن سېغىزخان ئوتتۇرىسىدىكى دە تالاش ؛

4 ) سېغىزخان چۈجىنى چوقۇپ بوزەك قىلدى .

5 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ .

شور تۇمشۇق ، ئازار بېرىش ، ھاقارەت قىلىش ، كەيپى ، قەستى

# ئالتىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىلىك سۆ-
زىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭ .

سىلىق (   ) زېرەك (   )

چەبدەس (   ) ئوماق (   )

شاد ـ خۇرام (   )

2 . تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ يېنىدىكى تىرناق ئىچىگە مەنىسى شۇ سۆزلەرگە يېقىن ياكى ئوخشاش بولغان سۆزلەرنى يېزىڭ .

ھەققانىي (   ) نەرخ (   )

غەزەپلىنىپ (   ) ئۆلۈش (   )

ھويلا (   ) ئىستەك (   )

3 . تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى تېپىڭ . سىز يەنە قانداق تېپىشماقلارنى بىلىسىز ؟ يېزىپ كېلىڭ .

1 ) ئايلىنىدۇ ، ئايلىنىدۇ ئۆز ئوقىدا ،
ئايلانغىنى سېزىلمەيدۇ ھېچ ۋاقىتتا ؟

2 ) ئاققان سۇدەك توختىماس ،
كېتىۋېرەر نىشانغا .
تارازىسى ئۆمۈرنىڭ
بەك قىممەتلىك ئىنسانغا .
گەر بىلمىسەڭ قەدرىنى ،
قالىسەن چوڭ پۇشمانغا ؟

3 ) بۇرۇن بىر تۆگىچى باي ئۆتكەنىكەن . ئۇنىڭ كى-
شىلەردە ئېلىشى بولسا ئالىدىكەن ، قويمايدىكەن . ئەمما ،
كىشىلەرگە بېرىشى بولسا : «تۆگە قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە
ئالىسەن» دەيدىكەن ، بەرمەيدىكەن . كۇنلەرنىڭ بىر كۇنى
ئۇنىڭ تۆگىلىرى ئىچىدىن ئۇچ يامان تۆگە چىقىپتۇ . بىرى
ئادەم يەيدىكەن ، بىرى تۆگە يەيدىكەن ، يەنە بىرى توقۇم
يەيدىكەن . باي بۇ ئۇچ تۆگىنى بىر يولىلا بازارغا ئاپىرىپ
سېتىۋەتمەكچى بوپتۇ ، لېكىن بۇ تۆگىلەرنى بىر - بىرىگە
قانداق چېتىپ ، يېتىلەپ شەھەرگە ئەكىرىشنىڭ چارىسىنى
تاپالماپتۇ . مۇنداق تىزىپ يېتىلىسە ئادەم ئۆلىدىكەن ، ئۇن-
داق تىزىپ يېتىلىسە بىر تۆگە ئۆلىدىكەن ، قانداق قىلىش
كېرەك؟ ھېچ بىلەلمەپتۇ . شۇ ئارىدا بىر تۆگىچى بوۋاي
بۇنى ئاڭلاپ كېلىپ :
— ئەگەر مەن بۇ تۆگىلەرنى شەھەرگە بىخەتەر ئاپىرىپ
سېتىپ كەلسەم ، نىمە بېرىسەن؟ — دەپتۇ .
ئۇچ تۆگىنى يېتىلەپ بېرىپ ، سېتىپ كېلەلىشىگە
كۆزى يەتمىگەن ئەخمەق باي ، ئاخىر بىر تۆگىنى بوۋايغا
بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ .
تۆگىچى بوۋاي باي بىلەن توختامنامە يېزىشىپ ، ھېلى-
قى تۆگىلەرنى بىر - بىرىگە چېتىپ ، خېيىمخەتەرسىز
شەھەرگە ئەكىرىپتۇ . ئۇ ئىككى تۆگىنى سېتىپ بېرىپ ،
بىرىنى ئۆزى مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ . باي لېۋىنى چىش-
لىگىنىچە ھاڭ - تاڭ بولۇپ ، غەپلەتكە پېتىپ قاپتۇ .
تېپىڭلارچۇ ، تۆگىچى بوۋاينىڭ ئامالى قانداق بولغان؟
4 ) پادىشاھ ۋەزىرگە :
— سەن ئەتە 2000 تۇياق قوينى بازارغا ئاپىرىپ

سىتىپ ، كەچتە سانتقان پۇل بىلەن قوينى قايتۇرۇپ كېلد-
سەن ، ئېسىڭدە بولسۇنكى ، قويدىن بىرىمۇ كەم بولمى-
سۇن ، — دەپتۇ .

ۋەزىر نائىلاج ماقۇل بوپتۇ ، لېكىن كۆڭلىدە ، «قوينى
ساتسام ، 2000 تۇياق قوينى ساق تاپشۇرۇش مۇمكىن ئە-
مەس . ئەگەر 2000 تۇياق قوينى قايتۇرۇپ كەلسەم ، قوي
ساتقان پۇل يوق بولىدۇ» دەپ ئويلاپ ، تازا بېشى قېتىپتۇ
ۋە روھى چۈشكەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ . قىزى نېمە ئىش
بولغانلىقىنى سوراپتۇ . ۋەزىر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى قىزىد-
غا ئېيتىپ بېرىپتۇ . قىزى بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن ،
بىر ئەقىل كۆرسىتىپتىكەن ، ۋەزىر پادىشاھنىڭ تەلىپى
بويىچە ، 2000 تۇياق قوينى ۋە ساتقان پۇلنى پادىشاھقا
تاپشۇرۇپتۇ . قېنى ئويلاپ تېپىڭلار ، قىز دادىسىغا قانداق
ئەپچىل چارىنى كۆرسەتكەن ؟

4 . تۆۋەندىكى ماقال - تەمسىللەرنى ئوقۇپ ، مەنىسى-
نى چۈشىنىۋېلىڭ .

1 ) ئادەمنىڭ كۆنى كۆپ بىلەن ،
ھايۋاننىڭ كۆنى چۆپ بىلەن .

2 ) تۇغۇلغان يەرنىڭ تېشى گۆھەر ، سۈيى كەۋسەر .

3 ) بىلىم ئالمىغان ياش ،
تام تۈۋىدىكى تاش .

4 ) تىرىشچان كامال تاپىدۇ ،
ھۇرۇن زاۋال (تاپىدۇ) .

5 ) كەمتەر بولساڭ ئۆتارسەن ،
مەغرۇرلانساڭ غۇلارسەن .

5 . تۆۋەندىكى «ئا» ھەرپى بىلەن باشلانغان سۆز ئويۇ-

نىنى ئاۋۋال پىششىق ئوقۇپ ، مەزمۇنىنى بىلىۋېلىڭ ، ئاندـ
دىن يادلاڭ . سىنىپتا ئۆتكۈزۈلگەن يادقا ئوقۇش مۇسابىقىدـ
سىگە قاتنىشىڭ ، قېنى كىم ھەم راۋان ، ھەم توغرا ، ھەم
ھېسسىياتلىق ئوقۇيالايدىكىن .

## ئايىمگۈلنىڭ ئاغرىق ئازابى ···

ئاراباغنىڭ ئايىغىدىكى ئابلىكىم ئامانىنىڭ ئايالى ئايىمگۈلنىڭ
ئالتىنچى ئايدا ئاغزى ئاغرىپ ، ئايىمگۈلنى ئاجايىپ ئازابلىدى . ئايىمـ
گۈلنىڭ ئاغرىق ئازابىنى ئاڭلىغان ئابلىكىم ئاخىر ئايىمگۈلنى ئاتاـ
ۋۇللا «ئاخۇن» نىڭ ئالدىغا ئاپاردى . ئاتاۋۇللا ئابلىكىملەرگە ئالايغىـ
نىچە ئايۋانغا ئاپىرىپ ، ئابلىكىملەرنىڭ ئالدىدا ئالىقانلىرىنى ئاغزىغا
ئاپىرىپ ئاللىقانداق ئايەتلەرنى ئاڭلاتتى . «ئاخۇن» ئايىتىنى ئاخىرـ
لاشتۇرۇپ ئابلىكىم ، ئايىمگۈللەرنى ئالداشقا ئاتلاندى . ئاخىرىدا ئاتاـ
ۋۇللا ئابلىكىمدىن ئالتە ئاقچىنى ئالداپ ئالدى . ئابلىكىم ئاتاۋۇللا
ئاخۇننىڭ ئالدامچىلىقىغا ئاچچىقلانغىنىچە ئايىمگۈلنى ئائىلىسىگە ئاـ
پاردى .

ئاتاۋۇللا «ئاخۇن» نىڭ ئاجايىپ ئايەتلىرى ئايىمگۈلنىڭ ئاغرىق
ئازابىنى ئاخىرلاشتۇرالماستىن ، ئاۋۋالقىدىنمۇ ئاۋۇتۇۋەتتى .

ئايىمگۈلنىڭ ئاغرىق ئازابىدا ئازابلىنىۋېرىشى ، ئاغىنىلەرنىڭ
ئالدىرىتىشى ئارقىسىدا ، ئابلىكىم ئايىمگۈلنى ئامبۇلاتورىيىگە ئاپارـ
دى . ئامبۇلاتورىيىدىكى ئايشەم ئابلىكىم ، ئايىمگۈللەرنى ئامبۇلاتورىـ
يىنىڭ ئالىي ئارامگاھىغا ئاپىرىپ ئارام ئالدۇردى . ئاندىن ئايىمگۈلـ
نىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزۇپ ئاپئاق ئالىقانلىرى ئارقىلىق ئايىمگۈلنىڭ
ئاغزىغا ئالىي ئابىھاياتلارنى ئالدۇرۇپ ، ئاغرىق ئازابىنى ئاسانلا ئاخىرـ
لاشتۇردى . ئاخىرىدا «ئايىمگۈلنىڭ ئاغرىق ئازابى» ئارقىلىق ئالدىـ
مىزدىكى ئاممىغا ئاگاھلاندۇرىمىزكى : ئاتاۋۇللادەك ئالجىغان ئالدامـ
چىلارغا ئالدانماي ، ئاغرىق ئازابىنى ئامبۇلاتورىيىدە ئاخىرلاشتۇرۇشقا
ئادەتلىنىڭلار !

6 . كىتاب ـ ژۇرناللاردىن ئوقۇغىنىڭىز ياكى رادىئو ـ تېلېۋى-
زورلاردىن ئاڭلىغىنىڭىز بويىچە 2~3 لەتىپە ـ يۇمۇر يېزىپ كې-
لىڭ .

7 . تۆۋەندىكى «قارلىغاچ ناخشىسى»نى يادلىۋېلىڭ .

ۋىچىر ـ ۋىچىر ـ ۋىچ :
— بولغىن ئىناق تىنچ .
ئىتتىپاقسىزلىق
پايدا بەرمەس ھېچ .

ۋىچىر ـ ۋىچىر ـ ۋىچ :
— دوستلۇق سۈيى ئىچ .
ئىتتىپاقلاشقىن ،
ساۋاقداشلار زىچ .

ۋىچىر ـ ۋىچىر ـ ۋىچ :
— قەلبىڭ بولسۇن پىچ .
يامان ئىللەتكە
دائىم ئۆر قىلىچ .

Obidi

# 17 . قىيىققا قارانچۇق سىلىپ ، يا ئوقى يىغىش①

شەرقىي ۋۇ بەگلىكىدىكى جۇ يۈي جۇگې لياڭنىڭ ئىنتايىن قابىلىيەتلىكلىكىنى كۆرۈپ ، ئىچىدە ئۇنىڭغا ھەسەت قىلاتتى .

بىر كۈنى جۇ يۈي جۇگې لياڭنى ھەربىي مەسلىھەتكە چاقىردى . ئۇ ، جۇگې لياڭغا :

— بىز ساۋ ساۋ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلماقچى بولۇۋاتىمىز . سۇ ئۈستىدە ئۇرۇش قىلساق ، قانداق قورال ئىشلەتكىنىمىز تۈزۈك ؟ — دېدى .

— ئەڭ ياخشىسى ، ئوقيا ئىشلىتىش كېرەك ، — دېدى جۇگې لياڭ .

— توغرا ، سىلىنىڭ دېگەنلىرى مېنىڭ ئويلىغان يېرىمدىن چىقتى . ھازىر قوشۇنىمىزدا يا ئوقى كەمچىل ، سىلىنى 100 مىڭ تال يا ئوقى ياساپ بېرىشكە مەسئۇل بولامدىكىن ، دەپ چاقىرتتۇدىم . بۇ دېگەن ھۆكۈمەت ئىشى ، ياق دېمەسلىكلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن ، — دېدى جۇ يۈي .

جۇگې لياڭ :

— ئۆزلىرى چوڭ ھەربىي ئەرباب ، سىلى تاپشۇرغان ئىشنى ، ئەلۋەتتە بەجا كەلتۈرىمەن . بۇ 100 مىڭ تال يا

① بۇ تېكىست «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» ناملىق رومانىنىڭ 46 ـ بابىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يېزىلغان .

ئوقىنى قاچان ئىشلىتىلىدىكىن؟ — دېدى.
— ئون كۈندە ياسىتىپ بولالامدىلا؟ — سورىدى جۇ يۈي.
— ئۇرۇش قىلىدىغان تۇرسىلا، ئون كۈن ۋاقىتنى ئالسام چوڭ ئىشقا تەسىر يېتىپ قالامدۇ؟ — دېدى جۇگې لياڭ.
— ئۇنداق بولسا، قانچە كۈندە تاپشۇرۇلا؟
— ئۈچ كۈن بولسا يېتىدۇ، — دېدى جۇگې لياڭ.
— ھەربىي لاگېردا چاقچاق قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى جۇ يۈي.
جۇگې لياڭمۇ:
— مەن سىلىدەك كاتتا ھەربىي ئەربابقا چاقچاق قىلىشقا قانداقمۇ پېتىنالايمەن؟ مەن سىلىگە ۋەدە بېرەي، ئۈچ كۈندە ياساپ بولالمىسام، ھەربىي جازاغا تارتقايلا، — دېدى.
جۇ يۈي خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە دەرھال جۇگې لياڭغا ۋەدىنامە يېزىشنى بۇيرۇدى، كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇبدان مېھمان قىلدى، جۇگې لياڭ:
— بۈگۈن كەچ كىرىپ كەتتى. ئەتىدىن باشلاپ، ئۈچىنچى كۈنى 500 ئەسكەرنى دەريا بويىغا يا ئوقىنى توشۇشقا ئەۋەتكەيلا، — دېدى ۋە بىرنەچچە قەدەھ هاراقنى ئىچىۋېتىپ چىقىپ كەتتى.
لۇ سۇ جۇ يۈيگە:
— 100 مىڭ تال يا ئوقىنى ئۈچ كۈندە قانداق ياساپ بولغىلى بولىدۇ؟ جۇگې لياڭ يالغان ئېيتقان بولمىسۇن، يەنە، — دېدى. جۇ يۈي:

— بۇ گەپنى ئۇ ئۆزى ئېيتتى ، مەن مەجبۇرلىنىدىم . مەن ھەربىي ئۇستىلارغا يا ئوقى ياسايدىغان ماتېرىياللارنى قەستەن كەينىگە تارتىپ بېرىڭلار ، ھەممىنى تەل قىلىپ بەرمەڭلار ، دەپ ئېيتىپ قويىمەن ، ۋاقتى كەلگەندە تاپشۇرالمىسا ، ئۇنى گۇناھكار قىلسام ئۆزىمۇ غىڭ قىلالمايدۇ . سەن بېرىپ ئۇنىڭ قانداق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقۇشۇپ باققىنا ، قايتىپ كېلىپ ماڭا خەۋەر قىلغىن ، — دېدى .

لۇ سۇ جوگې لياڭ بىلەن كۆرۈشتى ، جوگې لياڭ :

— ئۈچ كۈندە 100 مىڭ تال يا ئوقىنى تەييارلىغىچە ئۆزلىرىنىڭ ياردىمىنى كۈتىمەن ، — دېدى .

— ھەممىنى قىلغان ئۆزلىرى ، مېنىڭ قولۇمدىن قانداق ياردەم كېلىدۇ ؟ — دېدى لۇ سۇ .

— ماڭا 20 كېمە ، ھەربىر كېمىگە 30 دىن ئەسكەر بېرىپ تۇرسىلا ، كېمىلەرنىڭ ئۇستىنى قارا رەخت بىلەن ئوراپ ، 1000 دىن ئارتۇق سامان قارانچۇق ياساپ ، كېمىنىڭ ئىككى يېنىغا قاتار تىزىمەن . قالغىنىغا ئۆزۈم ئامال قىلىمەن . ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە ، 100 مىڭ تال يا ئوقىغا ئىگە بولىلا ، بىراق بۇ ئىشلارنى جو يۈگە ئېيتماي تۇرغان بولسىلا . ئۇياق بىلىپ قالسا پىلانىم يوققا چىقىدۇ ، — دېدى جوگې لياڭ .

لۇ سۇ ماقۇل بولدى . ئۇ جوگې لياڭنىڭ كېمىلەرنى نېمىشقا ئۆتنە ئالغانلىقىنى زادىلا بىلەلمىدى ، قايتىپ كېلىپ جو يۈيگە دوكلات قىلغاندا ، كېمە ئۆتنە ئالغان ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتماي ، پەقەتلا جوگې لياڭ بامبۇك ، پەي ، يېلىم قاتارلىق ماتېرىياللارنى كېرەك قىلمايدىكەن ، دېدى . جو

يۈي دەرگۇمان بولۇپ :

— بوپتۇ ، ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە قانداق قىلار-كىن ، كۆرەرمىز ! — دەپ قويدى .

لۇ سۇ جۇ يۈيگە ئۈقتۇرماي 20 تېز يۈرەر كېمە ، ھەربىر كېمىگە 30 دىن ئەسكەر تەييارلىدى ھەمدە جۇگې لياڭنىڭ دېگىنى بويىچە كېمىنى قارا رەختتە يېپىپ ، سامان قارانچۇقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، جۇگې لياڭنىڭ ئىشلىتە-شىنى كۈتۈپ تۇردى ، بىرىنچى كۈنى جۇگې لياڭدىن ھېچ خەۋەر كەلمىدى ، ئەتىسىمۇ تىنچ ئۆتتى ، ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە ، جۇگې لياڭ لۇ سۇنى مەخپىي تۇردە كېمىگە چاقىرتىپ كەلدى . لۇ سۇ ئۇنىڭدىن :

— مېنى نېمىشقا چاقىرتتىڭىز ؟ — دەپ سورىدى .

— يا ئوقىنى ئېلىشقا بىللە بارامدىكىن دېگەنىدىم ، — دېدى جۇگې لياڭ . لۇ سۇ ئۇنىڭدىن :

— نەگە بېرىپ ئالىمىز ؟ — دەپ سورىدى .

— سورىمايلا قويۇڭ ، بارغاندا بىلىسىز ، — دېدى جۇگې لياڭ .

جۇگې لياڭ 20 كېمىنى ئارغامچا بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ باغلىتىپ ، شىمالىي قىرغاققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

بۇ چاغدا ھاۋانى قويۇق تۇمان قاپلىغان بولۇپ ، دەريادا ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرغانلار بىر - بىرىنى ئېنىق كۆرەلمەيت-تى . كۈن چىقىشتىن ئاۋۋال ، كېمىلەر ساۋ ساۋ قوشۇنى-نىڭ سۇ چېگرىسى ئىچىگە يېقىنلاشتى . جۇگې لياڭ كېمە-لەرنىڭ بېشىنى غەربكە ، قۇيرۇقىنى شەرققە قارىتىپ دەر-يادا توغرىسىغا تۇرۇش ۋە كېمىلەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ بىر تەرەپتىن داقا - دۇمباقلارنى جېنىنىڭ بارىچە چېلىپ ، يەنە

بىر تەرەپتىن چۇقان ـ سۈرەن سېلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى . لۇ سۇ چۆچۈگەن هالدا :

— ناۋادا ساۋ ساۋنىڭ ئەسكەرلىرى هۇجۇمغا ئۆتۈپ قالسا قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى . جۇگې لياڭ كۈلۈپ تۇرۇپ :

— تۇمان شۇنچە قويۇق تۇرسا ، ساۋ ساۋ ئەسكەرلىرى-نى چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . بىز هاراقىمىزنى ئى-چىپ كۆڭلىمىزنى ئېچىۋېرەيلى ، تاڭ يورۇغاندا قايتىپ كېتىمىز ، — دېدى .

ساۋ ساۋ گەزەرمىدە داقا ـ دۇمباق ئاۋازىنى ۋە چۇ-قان- سۈرەنلەرنى ئاڭلىدى ۋە دەرهال :

— دەريانى قويۇق تۇمان قاپلاپتۇ ، دۈشمەن ئۇشتۇم-تۇت هۇجۇم قىلىپ كەلگەن هالەتتىمۇ ، ئېنىق كۆرەلمەي-مىز ، ئاسانلىقچە ئەسكەر چىقارمايلى . ئوقياچىلار ئوقيا ئېتىپ ، ئۇلارنى يېقىن يولاتماي تۇرسۇن ، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى .

ئۇ يېزىدىن يەنە 6000 ئوقياچىنى دەريا بويىدىكى سۇدا جەڭ قىلىدىغان 4000 ئەسكەرگە ياردەم بېرىشكە يۆتكەپ كەلدى . جەمئىي 10 مىڭ ئوقياچى بىرلىكتە دەريانىڭ ئوت-تۇرىسىنى قارىغا ئېلىپ ، يا ئوقىنى يامغۇردەك ياغدۇرۇ-ۋەتتى . جۇگې لياڭ كېمىنىڭ بېشىنى شەرققە ، قۇيرۇقىنى غەربكە قارىتىپ ، دەريادا توغرىسىغا تۇرۇش ، يەنىلا داقا ـ دۇمباق چېلىپ ، چۇقان ـ سۈرەن سېلىش هەمدە ساۋ ساۋنىڭ سۇ دائىرىسى ئىچىگە يېقىنلاپ بېرىپ ، ئوقيادىن ئېتىلغان ئوقلارغا ئۇدۇل تۇرۇش هەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى .



قۇياش چىقىپ، تۇمان كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا كېمىنىڭ ئىككى چېتىدىكى سامان قارانچۇقلارغا غۇچچىدە يا ئوقى سانجىلىپ كەتكەنىدى. جۇگې لياڭ كېمىدىكى ئەسكەرلەرگە ھەممە بىردەك: «ساۋ ساۋ ھەزرەتلىرىنىڭ يا ئوقىغا رەھمەت!» دەپ توۋلاشنى، ئاندىن 20 كېمىنى جەنۇبىي قىرغاققا ھەيدەپ ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىدى. ساۋ ساۋ ئالدام خالتىغا چۈشكەنلىكىنى بىلدى. لېكىن، جۇگې لياڭلارنىڭ كېمىسى سۇ ۋە شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە 20 چاقىرىم مۇساپىنى ئۇچقاندەك بېسىپ بولغانىدى. قوغلىسىمۇ بەرىبىر يېتىشەلمەيتتى.

20 كېمە قىرغاققا يېقىنلاشقان چاغدا، جۇ يۈينىڭ يا ئوقىنى توشۇشقا ئەۋەتكەن 500 ئەسكىرىمۇ كېلىپ بولغاند-

دى . ھەربىر كېمىدە ئاز دېگەندە 5000 — 6000 تالدىن ، 20 كېمىدە جەمئىي 100 مىڭ تالدىن ئارتۇق يا ئوقى بار ئىدى . لۇ سۇ جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشۈپ ، جۇگې لياڭنىڭ يا ئوقىنى ئېلىش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى ، جۇ يۈي ئۇلۇغ- كىچىك تىنىۋېتىپ :

— جۇگې لياڭ ھەقىقەتەن دانىشمەن ئىكەن ، مەن ئۇنىڭغا راستىنلا يېتەلمىگۈدەكمەن ! — دېدى .

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ :

1 ) جۇ يۈي جۇگې لياڭنى يا ئوقى تەييارلاشقا بۇيرۇ- غاندا جۇگې لياڭ ھەربىي بۇيرۇق ئېلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە جۇ يۈي نېمىشقا خۇشال بولۇپ كەتتى ؟

2 ) لۇ سۇ جۇگې لياڭ 100 مىڭ تال يا ئوقىنى ياساپ بولالماي قالارمىكىن ، دەپ ئەندىشە قىلغاندا ، جۇ يۈي نېمە- لەرنى دېدى ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ھەربىي ئۇستىلارغا ماتېرىيال بېرىشنى قەستەن كېيىنگە تارتىپ ، ھەممىنى تەل قىلىپ بەرمەسلىكنى تاپىلىماقچى بولدى ؟

3 ) جۇگې لياڭ لۇ سۇنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەندە ، نېمە ئۈچۈن ھارىقىمىزنى ئىچىپ ، كۆڭلىمىزنى ئېچىۋېرەيلى ، دەيدۇ ؟ ساۋ ساۋ ئالدام خالتىغا چۈشكەنلىكىنى قانداق بىلىپ قالدى ؟

2 . تېكىستنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ، ھەربىر بۆلەكنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

3 . بۇ ھېكايىنى ئۆز تىلىڭىز بويىچە قايتا بايان قىلىپ بېرىڭ .

4 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تېكىستكە بىر- لەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىڭ .

ھەسەت قىلىش ، بەجا كەلتۈرۈش ، دەرگۇمان بولۇش ، گەزەرمە

يېزىقچىلىق

# ۋەقەلىكنىڭ ئالدى ـ كەينى، سەۋەب ـ نەتىجىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم

بىر ۋەقەلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ئۇچۇن، ئومۇمەن، ئۇنىڭ سەۋەبى، جەريانى ۋە نەتىجىسى بولۇشى كېرەك. بىر ۋەقەلىكنىڭ راۋاجلىنىشى بايان قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، ۋەقەلىكنىڭ ئالدى ـ كەينى، سەۋەب ـ نەتىجىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم.

«قېيىنقا قارانچۇق سېلىپ، يا ئوقى يىغىش» دېگەننى مىسالغا ئالساق، دەسلەپىدە، جۇ يۈي جۇگې لياڭنى ساۋ ساۋ بىلەن سۇدا قانداق ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتكە چاقىرىدۇ، جۇگې لياڭ ئوقيا ئىشلىتىش ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، جۇ يۈي ئۇنىڭغا قىسقا مۇددەت ئىچىدە 100 مىڭ تال يا ئوقى تەييارلاش ۋەزىپىسىنى ئارتىدۇ. مانا بۇ، ۋەقەلىكنىڭ سەۋەبى. جۇگې لياڭ ئۈچ كۈن ئىچىدە قويۇق تۇمان بولۇشىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ، دەريانى قويۇق تۇمان قاپلىغان پەيتتە، كېمىگە سامان قارانچۇق قويۇپ، شۇ ئارقىلىق ساۋ ساۋنىڭ يا ئوقلىرىنى يىغىۋېلىش قارارىغا كېلىدۇ، تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، ئاخىر يا ئوقى يىغىۋېلىش ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. مانا بۇ، مۇشۇ ئەسەرنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىسى.

مۇشۇنىڭ بىلەنلا ئەسەرنىڭ ئالدى ـ كەينى ، سەۋەب ـ نەتىجىسى ئايدىڭلاشقان بولامدۇ ؟ ياق ، بۇ پەقەت يۈزەكى چۈشەنچە . تەپسىلىيرەك ئويلاپ كۆرسەك ، ئالدى ـ كەينى ، سەۋەب ـ نەتىجىسى ئوتتۇرىسىدا يەنە بەزى مەسىلىلەرنىڭ تېخى ئايدىڭلاشمىغانلىقىنى كۆرىمىز . جۇگې لياڭ ئۈچ كۈندە 100 مىڭ تال يا ئوقىنى تاپشۇرىمەن ، دېدى . جۇ يۈي ئۇنىڭ ياساپ بولالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق ، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ۋەدىنامە يازدۇرۇۋالىدۇ ؟ جۇگې لياڭ ۋەدىنامە يازسا ، جۇ يۈي نېمە ئۈچۈن خۇشال بولۇپ كېتىدۇ ؟ روشەنكى ، ۋەقەلىكنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىسى ئۇنچىۋالا ئاددىي ئەمەس . تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئوقۇساق ، ئەسەرنىڭ بېشىدىلا جۇ يۈينىڭ جۇگې لياڭنىڭ قابىلىيىتىگە ھەسەت قىلىدىغانلىقى يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز . ئەسەرنى «ھەسەت قىلىش» دېگەن بۇ لىنىيە بويىچە ئوقۇساق ، جۇگې لياڭ ۋەدىنامە يازغاندىن كېيىن ، ئۈچ كۈن ئىچىدە ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىسا ، جۇ يۈينىڭ ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلماقچى بولغانلىقى ، يەنە جۇ يۈينىڭ ھەربىي ئۇستىلارغا جۇگې لياڭ يا ئوقى ياساشقا كېرەك قىلىدىغان ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا بەرمەسلىك ، تەل قىلىپ بەرمەسلىك ھەققىدە تاپىلاپ قويىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ . جۇگې لياڭ بولسا ، لۇ سۇدىن كېمە ۋە قارانچۇق ، ئەسكەر تەييارلاپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ . جۇگې لياڭ جۇ يۈينىڭ ئۆزىگە ھەسەت قىلىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ ، بىلمەسكە سېلىۋالىدۇ . جۇگې لياڭنىڭ سامان قارانچۇقتىن پايدىلىنىپ يا ئوقى يىغىۋېلىشى ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ جۇ يۈي بىلەن ئەقىل جەھەتتە ئېلىشقانلىقى ئىدى . نەتىجە قانداق بولدى ؟ جۇگې لياڭنىڭ

يا ئوقىنى يىغىۋېلىشى ئوڭۇشلۇق بولۇپ چىقتى، جۇ يۈي قابىلىيەت جەھەتتە جۇگې لياڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىنتايىن بىئارام بولدى. مانا بۇ ئارقىلىق، ۋەقەلىكنىڭ ئالدى - كەينى، سەۋەب - نەتىجىسى ھەققىي تۈردە ئايدىڭلاشتى.

«قېيىققا قارانچۇق سېلىپ، يا ئوقى يىغىش» تىكى ۋەقەلىكنىڭ سەۋەبى نېمە؟ جۇ يۈينىڭ جۇگې لياڭغا ھەسەت قىلىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە 100 مىڭ تال يا ئوقى تەييارلاش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا قويماقچى بولغانلىقى. جۇگې لياڭنىڭ جۇ يۈينىڭ تۇسالغۇلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ساۋ ساۋنىڭ يا ئوقلىرىنى يىغىۋېلىش پىلانىنى ئىشلىتىپ، جۇ يۈينىڭ يوشۇرۇن قورساق سوقۇشتۇرۇشىغا تاقابىل تۇرغانلىقى. نەتىجىسى، جۇ يۈينىڭ يامان غەرىزىنىڭ تەلتۆكۈس مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن ئىبارەت.

ۋەقەلىكنىڭ ئالدى - كەينى، سەۋەب - نەتىجىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئەسەر مەزمۇنىنى چۈشىنىشنىڭ مۇھىم ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، ۋەقەلىكنىڭ راۋاجلىنىشى سۆزلىنىدىغان ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، بۇ ئۇسۇلنى ئىشلىتىش ئىنتايىن مۇھىم.

# يەتتىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملە شەكىللىرىگە ئاساسەن ، ھەربىر جۈملە شەكلىگە تەقلىد قىلىپ ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭ .

1 ) قارا چېكەتكە ئۆزىگە ئۆي ياسىغىچە ، ئالدى قوللىرى بىلەن توپا تارتىدۇ ، قىسقۇچلىرى بىلەن توپا يۆتكەيدۇ ، كەينى پۇتى بىلەن چىڭدايدۇ ، كەينى پۇتىدىكى ھەرىسى بىلەن چاڭ ـ توزانلارنى تازىلايدۇ .

··· بىلەن ··· ، ··· بىلەن ··· ، ··· بىلەن ··· بىلەن···

2 ) ئاسماندىكى شەپەق بەكمۇ ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ ، بەزىدە ئوتتەك قىزىل ، بەزىدە ئالتۇندەك پارقىراق ، بەزىدە قىزغۇچ سېرىق ۋە بەزىدە سارغۇچ رەڭدە بولىدۇ .

··· بەزىدە ··· ، ··· بەزىدە ··· ، ··· بەزىدە ··· ۋە بەزىدە ···

3 ) جىددىي داڭ ئاۋازىدىن كېيىن ، سۇ يار ئېلىپ كەتكەن يەردە چىراغلار يېقىلىپ ، ئەتراپنى يورۇتتى . بەزىلەر قۇم خالتىلىرىنى توشۇيتتى . بەزىلەر لىم ياغاچلارنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى ، يەنە بەزىلەر سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ يار ئاغزىنى گەۋدىسى بىلەن توسايتتى .

··· بەزىلەر ··· ، بەزىلەر ··· ، يەنە بەزىلەر ···

2 . تۆۋەندىكى نەسرنى ئوقۇپ ، سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ .

## ،، مېنى تۇغقان كۈنۈڭگە مۇبارەك[1]

تۇغۇلغان كۈنۈمدە مەن ئۆزۈمنى ئەمەس ، ئانامنى تەبرىكلەيمەن ! دوستۇم ، بۇنىڭغا ھەيران قالماڭ !

مەن تۇغۇلغان كۈنۈمنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقان كۈنلەردە ئانام ئەينى ۋاقىتتا ، مېنىڭ ساق - سالامەت تېۋەللۇت بولۇشۇمنى تىلەۋاتقانىكەن .

ھاياتلىقىمنىڭ ، ئارزۇ - ئارمانلىرىمنىڭ يالقۇنلۇق سىمۋولى — ھايات شامىمنى ياندۇرۇۋاتقان بۇ ھاياجانلىق تۇغۇلغان خاتىرە كۈنۈمدە ، ئانام مېنى يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىش ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن قەيسەرانە ئېلىشقانىكەن .

مەن ئۆزۈم ئۈچۈن كاتتا ئارمانلارنى تىلەپ ، دوستلىرىم بىلەن خۇشال چاۋاك چېلىۋاتقان بۇ شادلىق كۈنۈمدە ، ئانام مېنىڭ ئاچچىق ۋە دەھشەتلىك تولغاق ئازابىمنى يەپ ، ھايات - مامات چېگرىسىدا مەن ئۈچۈن جاپا چېكىپ ، ماڭا ئۆزىنى بېغىشلىغانىكەن .

مەن تۇغۇلغان كۈنۈم ئۈچۈن شادلىنىپ ، ھەممىنى ئۇنتۇپ ، دوستلىرىم بىلەن قانغۇچە ئويناپ تەرلىگەن بۇ كۈندە ، مېنى تۇغۇش ئۈچۈن ماجالى قالمىغۇدەك تىركىشىشتىن ئانامنىڭ پېشانىسىدىن تەر شۇرۇلداپ ئاققانىكەن .

مەن دوستلىرىمدىن چىرايلىق تۇغۇلغان كۈن سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلىۋاتقان بۇ كۈندە ، ئانام ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە تۇرۇپ ، دۇنياغا ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىتىنى — مېنى تەقدىم قىلغانىكەن .

مەن تۇغۇلغان كۈنۈمنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىدىن شادلانغان مۇشۇ كۈندە ، ئانام مېنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى بىلىپ ، مەڭگۈلۈك خۇشاللىققا چۆمگەنىكەن .

دوستۇم ، ئەمدى چۈشەنگەنسىز ، بىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىمىزدە ئانىمىز ئەڭ ئېغىر ئازاب چەككەن ، ئۆلۈم بىلەن ئېلىشقانىكەن ، شۇڭا

---

① بۇ نەسرنىڭ ئاپتورى ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت .

بىز بۇ كۈندە پۈتۈن نىيەت ـ ئىقبالى بىلەن بىزنى ھايالىقا ئېرىش روۋپ ، يەنە بىزنىڭ بەختىمىز ئۈچۈن كۆلۈمسىرەۋاتقان ئانىلىرىمىز ـ رەھمەت ئېيتايلى ! قېنى دوستۇم ، ھەممەيلەن بىرلىكتە چىن مېھرى ـ مىز بىلەن ئانىلارغا شۇئىرلايلى : ئانا ، مېنى تۇغقان كۈنۈڭگە مۇبا ـ رەك بولسۇن !

سوئال :

سىز تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە ئانىڭىزغا رەھمەت ئېيتىپ باققانمۇ ، سوۋغات بېرىپ باققانمۇ ؟ بۇ نەسر سىزگە قانداق تەسىر قىلدى ؟ سىز نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز ؟ سۆزلەپ بې ـ قىڭ .

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەردە خاتا ياكى نامۇۋاپىق ئىشلى ـ تىلگەن سۆزلەر بولسا ، تۈزىتىپ يېزىڭ .

1 ) بىر پارچە سۈنىمۇ ئىسراپ قىلىشقا بولمايدۇ .

2 ) ئوۋچى ھەشەمەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان يول ـ ۋاسنى ئېتىپ ئۆلتۈردى .

3 ) ئالدىڭىزدىكى يول قاتتىق ، ماشىنىنى ئاستىراق ھەيدەڭ .

4 ) قىيىنچىلىق دەھشەتلىك بولسىمۇ ، ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى توختاتمايمەن .

5 ) بىز پىئونېرلار ھەممە ئىشتا ئۈلگىلىك ئەھمىيەت ئوينىشىمىز لازىم .

4 . بوش ئورۇنلارغا بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىقىنى تاللاپ يېزىڭ .

(1) كۆپكۆك ئاسماندا لەرزان بۇلۇتلار ( ) .
(چايقىلاتتى ، ئۈزۈپ يۈرەتتى ، شۇڭغۇيتتى )

(2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەنئەت نومۇرلىرى ئاياغلاشقان ـ

دىن كېيىن زالدا (گۆلدۈراس) ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى .

(چاقماقتەك ، گۆلدۈراس ، قىزغىن )

(3) ئوقۇتقۇچىمىز ھەمىشە بىزنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇچۇن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە (يېتەكلەيدۇ) .

(تەقدىرلەيدۇ ، ئىلھاملاندۇرىدۇ ، يېتەكلەيدۇ ، مەدەت بېرىدۇ )

# 18 . تۇنجى قەلەم ھەققى[①]



ئايتماتوف

بىر كىشىنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا يەنە بىر خىل تىلنى ئانا تىلىدەكلا پىششىق سۆزلىشەلەيدىغان سەۋىيىگە يېتەلىشى ، شۇ خىل تىلنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپلا ئۇنىڭدا تەسىر قوزغىيالىغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى . مانا بۇ ئۆز تەجرىبىلىرىمنىڭ يەكۇنى . ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، رۇس تىلىمۇ مېنىڭ ئانا تىلىم ، قىرغىز تىلىغا ئوخشاشلا مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم .

مەن بەش ياش ۋاقتىمدا تۇنجى قېتىم «تەرجىمان» بولغانىدىم ، شۇ چاغدا ماڭا ئىنئام قىلىنغان بىر پارچە گۆش ، مېنىڭ ھاياتىمدىكى تۇنجى «قەلەم ھەققىم» بولۇپ قالغانىدى . ئۇ چاغدا مەن ئىلگىرىكىدەكلا مومام بىلەن بىللە تۇراتتىم . بۇ دەل يېزا ئىگىلىكىنى كولخوزلاشتۇرۇش مەزگىللىرى ئىدى . ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىزنىڭ كولخوزدا

① بۇ ئەسلىمىنىڭ ئاپتورى قىرغىزىستان يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوف (1928 — ) .

بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەردى . بىر نەسىللىك ئات تۇيۇق-
سىز ئۆلۈپ قالدى . ئۇنىڭ قورسىقى كۆپۈپ ناغرىدەك
بولۇپ كەتكەنىدى . بۇ ، روسىيىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ناھا-
يىتى قىممەت باھالىق ئات ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ئالاقىچىمىز
بۇ ئەھۋالنى كەنتكە ئاتلىق خەۋەر قىلدى . ئاندىن رايونغا
خەۋەر قىلىندى . ئەتىسى ، رۇس مىللىتىدىن بولغان بىر
مال دوختۇرى بىزنى ئىزدەپ كەلدى . ئۇ ساقاللىق ، كۆك
كۆز ، قارا پەلتۇ كىيگەن ، بەلۋاغ باغلىۋالغان ئېگىز بويلۇق
ئادەم ئىدى .

ئېسىمدە قېلىشىچە ، ئۇ قىرغىزچە بىر ئېغىزمۇ سۆز-
لىيەلمەيدىكەن . ئاتنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ ، ئۆل-
گەنلىك ئىسپاتىنى يېزىپ چىقىش لازىم ئىكەن . ئات باقار-
لار ئاخىر ئويلىشىپ ، مېنى تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىشكە
چاقىردى . شۇ چاغدا ، مەن بىر توپ بالىلار بىلەن بۇ يات
ئادەمگە قىزىقسىنىپ قاراپ تۇراتتىم . بىر ئات باقار ماڭا :

— بۇ ئادەم بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلمەيدىكەن ، سەن
بىزگە تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگىن ، — دېدى .

مەن ھەم ئىزا تارتىپ ، ھەم قورقۇپ ، ئۇنىڭ قولىدىن
تۇتۇلۇپ چىقىپ ، مومام بار چېدىرغا يۈگۈرگەن پېتىم
كىرىپ كەتتىم . بالىلار چۇقان - سۈرەن سېلىشىپ كەي-
نىمدىن يۈگۈردى . ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى ئات باقار مېنى
يەنە ئىزدەپ كەلدى . ئۇ مېنىڭ قېچىپ كەتكىنىمدىن رەن-
جىدى . مومام ئادەتتە مېنىڭ مەيلىمگە قوياتتى . لېكىن ،
بۇ قېتىم بىر ئاز رەنجىگەن ھالدا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ :

— چوڭلارغا نېمىشقا ھۆرمەتسىزلىك قىلىسەن ؟ سېنى
تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ چوڭ ئادەملەر ئىكەنلىكىنى

بىلىشىڭ كېرەك . ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇس تىلىنى سۆزلىيە-لەيدىغان تۇرۇپ بۇنداق قىلغىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى .

مەن زۇۋان سۈرمىدىم . دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى چېدىر كەينىگە مۆكۈنۈۋېلىپ ، تاماشا كۆرۈۋاتاتتى . موماي يەنە :

— نېمە بولدى ، رۇس تىلىنى سۆزلەشتىن خىجىل بولۇۋاتامسەن ياكى ئۆزىمىزنىڭ تىلىنى سۆزلەشتىن خىجىل بولۇۋاتامسەن؟ بارلىق تىللارنى خۇدايىم ئاتا قىلغان ، قورققۇدەك ھېچ ئىش يوق ، بارغىن ، — دېدى ۋە مېنى يېتىلەپ چېدىردىن ئېلىپ چىقتى . دوستلىرىم يەنە ئەگىشىۋالدى .

كۈتۈۋېلىش چېدىرىدا مېھمانلار ئولتۇراتتى ، قازاندا شورپا قايناۋاتقان بولۇپ ، چېدىرغا ئادەم لىق تولغانىدى . كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ھاراق ، قىمىزلارنى ئىچىۋاتاتتى . تاغ باغرىدىن كەلگەن مال دوختۇرى ئاقساقاللار بىلەن بىللە ئولتۇراتتى . ئۇ مېنى يېنىغا چاقىرىپ ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ :

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى . ئۇ يەنە بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ ، — سەن ئۇلاردىن بۇ ئاتىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى سوراپ باققىن ، — دېگەچ ، بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ خاتىرىلىمەكچى بولدى .

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تىنچلىنىپ ، مېنىڭ گەپ قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى . موماممۇ ماڭا ئەندىشە بىلەن قاراپ تۇراتتى . بۇ چاغدا بىزنىڭ بىر تۇغقىنىمىز مېنى كۆتۈرۈپ ، تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ قۇلىقىمغا قەتئىي تەلەپپۇزدا :

— بۇ ئادەم سېنىڭ داداڭنى تونۇيدۇ ، ئۇ داداڭغا

سىنىڭ قىرغىزلارنىڭ ئارىسىدا يامان ئادەتلەرنى ئۆگەنگەنلىكىڭنى ئېيتسا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى. ئۇ ئارقىدىنلا كۆپچىلىككە:

— ئۇ ھازىر گەپ قىلىدىغان بولدى، سەن مېھمانغا بۇ يەرنىڭ ئىسمى «ئوۋسازلىق» دېگىن، — دېدى.

— تاغا، — مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، — بۇ يەرنىڭ ئىسمى «ئوۋسازلىق»، مەنىسى بولسا زەھەرلىك يايلاق، — دېدىم.



مەن مومام، مېھمان ۋە يايلاقتىكى بارلىق ئادەملەرنىڭ چىرايىدىن ماڭا بولغان مەمنۇنلۇق ھېسسىياتىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ يۈرەكلىك بولۇپ كەتتىم. شۇ قېتىم بىر سۆز، بىر جۈملىدىن تەرجىمە قىلدىم، مەن بۇنى مەڭگۈ ئېسىمدە ساقلايمەن.

ئات ئەسلىدە چۆپتىن زەھەرلىنىپ ئۆلگەنىدى. ھېلىقى مېھمان باشقا ئاتلارنىڭ نېمىشقا بۇ زەھەرلىك چۆپنى

يېمەيدىغانلىقىنى سورىدى . ئات باقارلار يەرلىك ئاتلارنىڭ بۇ خىل چۆپنىڭ زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە يېمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى . مەن بۇ ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر تەرجىمە قىلدىم .

مېھمان مېنى ماختاپ كەتتى . ئاقساقاللار مېنى مۇكاپاتلاپ يوغان بىر پارچە قوي گۆشى بەردى . مەن خۇشال ھالدا چېدىردىن يۈگۈرۈپ چىقتىم . دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنى ئورىۋالدى .

— قالتىسكەنسەن ! سەن رۇسچىنى بەكمۇ راۋان سۆزلەيدىكەنسەن ، — دېدى ئۇلار ماڭا قايىل بولغان ھالدا . ئەمەلىيەتتە ، مەن دۇدۇقلاپ يۈرۈپ ئاران تەرجىمە قىلغانىدىم . بىراق ، دوستلىرىم مېنى ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتتى . بىز دەرھال گۆشنى بۆلۈشۈپ يەپ بولۇپ ، ئويۇنغىلى كەتتۇق .

ئەدەبىي ھاياتىمدا بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىش ئەرزىمدۇ ؟ مېنىڭچە ، ئەرزىيدۇ . بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئۈچ ياش ۋاقتىدىكى ئىشلىرىنى ئەسلىيەلەيدۇ ، بەزىلەر پەقەت 10 ياش ۋاقتىدىكى ئىشلىرىنى ئەسلىيەلەيدۇ . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ زور ئەھمىيىتى بارلىقىغا ئىشىنىمەن . مەسىلەن ، مېنىڭ بالىلىق دەۋرىمدىكى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ئىش ئەنە شۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە . بۇ ئىشتىن كېيىن مومام مەندىن رازى بولۇپ ، تونۇشلىرىغا ئىنتايىن ئېپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن سۆزلەپ بەرگەنىكەن .

## كۆنۈكمە

1 . بۇ ئەسلىمىدە مەشھۇر يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوف

بەش ياش ۋاقتىدىكى بىر ئىشنى ئەسلىمە قىلىپ يازغان . سىزنىڭچە ، ئاشۇ ئىشنى ئەسلىمە قىلىپ يېزىشنىڭ ئەھمىيىتى نەدە ؟

2 . ئايتماتوف تۇنجى قېتىم تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغاندا ئىزا تارتىپ ھەم قورقۇپ مومىسىنىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ . بۇ چاغدا مومىسى ئۇنىڭغا نېمە دېدى ؟ سىزنىڭچە ، مومىسىنىڭ سۆزى ئورۇنلۇقمۇ ؟

3 . سىز ھازىرغىچە بىرەر كىشىگە «تەرجىمان» لىق قىلىپ باقتىڭىزمۇ ؟ ساۋاقداشلىرىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ .

4 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىزدەپ بىلىۋېلىڭ .

كولخوز ، چېدىر ، مەمنۇنلۇق ، قەلەم ھەققى

## * 19 . ئانا تىلىم[1]

ئانا تىلىم ، سۆيگەن تىلىم ،
يۈرىكىمدىن كۆيگەن تىلىم ؛
خەلقىمىزنىڭ مېھرى سىڭگەن ،
ماڭا بىلىم بەرگەن تىلىم .

تۇنجى قېتىم «ئانا» دېدىم ،
سۆز قىلىشنى سەندىن بىلدىم ،
مۇرادىمنى ھاسىل قىلدىم ،
ئانا تىلىم ، سۆيگەن تىلىم .

ئاشتى ساڭا ئىپتىخارىم ،
بولغاچ ئۆزۈڭ دىلخۇمارىم ،
سەن ـ سەن مېنىڭ تىل تۇمارىم ،
ئانا تىلىم ، سۆيگەن تىلىم .

مەھمۇد ، يۈسۈپ ، نەۋائىينى ،
مەشرەپ ، گۇمنام ، سەدائىينى ،
يېتىشتۈردۈڭ نىزارى[2]نى ،
ئانا تىلىم ، سۆيگەن تىلىم .

---

① بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى شۈكۈر يالقىن
② بۇ كۈيلىبتتا ئىسمى ئاتالغان شەخسلەر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن بۈيۈك ئەدىبلەردۇر .

ۋەتەن سۆيەر ئۇيغۇرىنى ،
تەۋپىق ، لوتۇن ، نىم شېھىت[1]نى ،
قىلدىڭ ناتىق سەن ئۇلارنى ،
ئانا تىلىم ، سۆيگەن تىلىم .

مىڭلاپ ئەدىب يازدى كىتاب ،
ھەربىر جۇملەڭ ياڭراق خىتاب .
دىل يورۇتتۇڭ بولۇپ ئاپتاپ ،
ئانا تىلىم ، سۆيگەن تىلىم .

ئۆزۈڭ مېنىڭ شەرەپشانىم ،
قاندى بۇگۇن دىل ئارمانىم ،
ئاشار سەندىن ئىقتىدارىم ،
ئانا تىلىم ، سۆيگەن تىلىم .

سەن ئارقىلىق بىلىم ئېلىپ ،
تەبىئەتكە يۇگەن سېلىپ ،
ماڭدۇق ئالغا جەۋلان قىلىپ ،
ئانا تىلىم ، سۆيگەن تىلىم .

كۇلدى گۇزەل سائادىتىم ،
سېنى كۇيلەش چىن ئادىتىم ،
ھەرقاچان سەن گاڭ قانىتىم ،
ئانا تىلىم ، سۆيگەن تىلىم .

① ئۇيغۇرى — ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ، تەۋپىق — مەمتىلى ئەپەندىنى ، لوتۇن — لۇتپۇللا مۇتەللىپ-نى ، نىم شېھىت — ئارمىيە ئېلى داموللامنى كۆرسىتىدۇ .

## كۆنۈكمە

1 . شېئىرنى كوللېكتىپ ھالدا ئۈنلۈك ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار .

2 . شېئىردا ئانا تىلنىڭ مۇھىملىقى ، ئۇنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن كۈيلەنگەن ، سىز شېئىرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈۋېلىڭ .

3 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ ، ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ :

مېھىر ، ئىپتىخار ، دىلخۇمار
تىل تۇمار ، ناتىق ، ئەدىب
خىتاب ، جەۋلان قىلىش ، سائادەت
كۈيلەش

4 . شېئىردىن ئالغان تەسىراتىڭىزغا بىرلەشتۈرۈپ ، ئانا تىلنى تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىڭىزنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىڭ .



## 20 . لۇغەت سېتىۋېلىش[1]

— دادا ...

دادىسى ئاڭلىمىدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن گېزىتتىكى سودا ئېلانىنى كۆرۈۋاتاتتى .

— دادا ! ...

بالا دادىسىنى يەنە بىر قېتىم چاقىردى . ئۇ قورقۇپ تۇرۇپ چاقىرغاچقا ، ئاۋازى ئارانلا چىقتى . دادىسى يەنىلا ئاڭلىمىدى .

بالىنىڭ ئىسمى توللىئو بولۇپ ، 14 ياشلاردا بار ئىدى . ئۇ ئېگىز بوي ، ئۇستىخانلىق ، سېرىق چاچلىق ، كۆرۈنۈشىدىن غەيرەتلىكلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئوغۇل بالا ئىدى .

ئادەتتە ، ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرىدە قەتئىيلىك چاقناپ تۇراتتى . بىراق ، ئۇ دادىسىدىن كىتاب سېتىۋېلىشقا پۇل سورىغان چاغلاردا ، ئۆزىگە يات ھالدا باشقىچىلا قورقۇنچاق بولۇپ كېتەتتى ، گېپىنىمۇ ئوڭلاپ قىلالمايتتى . دادىسىنىڭ پۇل بېرىدىغان چاغدىكى كوتۇلداشلىرى ، تىللاشلىرى ، «سەن مېنى ۋەيران قىلىدىغان بولدۇڭ» دەپ ۋايساشلىرىغا توللىئو كۆنۈپ كەتكەنىدى .

---

① بۇ ، لاتىن ئامېرىكىلىق مەلۇم يازغۇچىنىڭ ئەسىرى بولۇپ ، دەرسلىككە بىرئاز قىسقارتىپ ئېلىندى .

هەر يىلى ئوقۇش باشلانغاندا ، بۇ ئەھۋال تەكرارلانماي قالمايتتى . توللىئونىڭ بۇنىڭغا زادىلا چىدىغۇچىلىكى قال-
مىغانىدى . چوڭ بولغانسېرى بۇ ئىش ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر كېلىدىغان بولدى . ئۇ ئوقۇيدىغان كىتابلار ناھايىتى قىم-
مەت ئىدى ، دادىسىنىڭ مىجەزى بارغانچە ئۆزگىرىپ ، قو-
پاللىشىپ كېتىۋاتاتتى .

— كىتابنى بۇنچىۋالا جىق سېتىۋېلىپ نېمە قىلىسەن ؟ پروفېسسور بولماقچىمۇ سەن - ھە ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە دۇكان-
غا بارغىن ، ئۇ يەردە سېنىڭ كېرىكىڭ بار ، تاغار كۆتۈرد-
سەن . ئۆزۈڭمۇ ئۆتۈپ كەتكەن بەتخەج ، كىچىكىڭدىن باش-
لاپلا بىزنى قۇرۇتماقچى بولۇۋاتىسەن . ئەمدى ھەررەڭ - سەررەڭ خىياللىرىڭنى تاشلا ! سەن بىر چوڭ ئەمەلدارنىڭ ئوغلى ئەمەس ، ژىناي[1]لىق دېھقانىنىڭ ئوغلى …

بۇنداق چاغلاردا ئانىسى ئارىلاپ ، ئوغلىنى ئاقلاپ تۇ-
رۇۋالاتتى ، ئۇ ھازازۇللۇق قىلمايتتى ، گەپنى ئېرى ئېغىز ئاچالمىغۇدەك قىلىپ ، سالماق ، ئورۇنلۇق سۆزلەيتتى :

— بالىمىز ئەقىللىق ، ئۇنىڭغا تاغار كۆتۈرۈتمەيمىز ، ئۇنى ئوقۇتىمىز … تىكەندەك بىر تال ئوغلىمىزنى چوڭ بولغاندا قارا ئىش قىلسۇن دەمسىز ؟ — دەيتتى ئۇ .

* * *

5 - ئايمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى . گرامماتىكا ئوقۇت-
قۇچىسى تۇيۇقسىزلا ھەربىر ئوقۇغۇچىغا بىردىن لۇغەت ئالدۇرۇشنى ئويلاپ قالدى . ئۇنىڭ ئېيتقىنى خېلىلا قىم-
مەت لۇغەتلەردىن ئىدى . توللىئو ئۆيگە غەم بېسىپ قايت-

---

① ژىناي — يەر ئىسمى .

تى ، لۇغەتكە كېتىدىغان تۆت ـ بەش پېسو[1] نى نەدىن تې-
پىش كېرەك ؟ ئانىسىدىن سورىسۇنمۇ ؟ بۇنىڭغا ئۇنىڭ
كۆڭلى ئۇنىمايتتى ، ئانىسىنىڭ ئۇنى ئوقۇيسەن ، دەپ نۇر-
غۇن چىقىم تارتقانلىقى ئۇنىڭغا ئېنىق ئىدى . شۇ سەۋەبلىك
ئۇ ، پۇلنى دادىسىدىن ئېلىش قارارىغا كېلىپ ، دۇكانغا
خېلى يۇرەكلىك كىرگەنىدى ، بىراق بەستلىك ، مىجەزى
چۇس دادىسىنىڭ قېشىغا كەلگەندە ، بىردىنلا ئۇنىڭ ھېلىقى
باتۇرلۇقى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كېتىپ ، ئاۋازى ئارانلا
چىقتى :

— دادا ! ...

ئۇ يەنە بىر قېتىم چاقىردى :

— دادا !

ئۇ بىردەم كۈتتى . دادىسى تېخىچە بېشىنى كۆتۈرمەي ،
گېزىتتىن نېمىلەرنىدۇر ئىزدەيتتى ...

لۇغەت سېتىۋېلىش مۇئەللىمنىڭ تەلىپى ، بۇنىڭغا
كەلگەندە بەلنى قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ . ئۇ ئۈچىنچى قېتىم-
دا سەل كۈچەپرەك چاقىردى :

— دادا !

دادىسى بېشىنى كۆتۈردى ، ئەمما بىر ئېغىز زۇۋان
سۈرمەي ، نېمە دەيسەن ، دېگەندەك قىلىپ ئوغلىغا تىكىل-
دى ، ئوغلىدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن ، تويماس كۆزلى-
رىنى يەنە گېزىتكە تىكتى .

توللىئو بىردەم تۇرۇپ بېقىپ بىردىنلا ئارقىسىغا بۇ-
رۇلدى ـ دە ، ھېچنېمە دېمەيلا چىقىپ كەتتى .

ئۇ ئويلىغان پىلاننى ئانىسىغا دېيىش ئۈچۈن ماڭغان-

---

① پېسو — لاتىن ئامېرىكىنىڭ پۇلى .

دى .

— ئانا ، سىزگە بىر گېپىم بار . مەن بىرنەرسە ئويلا-ۋاتىمەن . گراممatىكا مۇئەللىمىمىز بىزگە لۇغەت سېتىۋې-لىڭلار ، دېگەن . لۇغەتنىڭ قانچە پېسو ئىكەنلىكىنى ئۆزۈم-مۇ ئۇقمايمەن . بۇ ئىشنى سىزگە دېمەكچى ئەمەس ئىدىم ، سىزدە مۇنچىۋالا كۆپ پۇلنىڭ يوقلۇقىنى بىلىمەن . دادام-نىڭ قېشىغا بېرىپ پۇل سوراشقا پېتىنالمىدىم . ئۆتكەن قېتىم ئۇنىڭدىن كىتابقا پۇل سورىسام ، ماڭا ھۆركىرىگىنى-نى كۆردىڭىز ، ئېسىڭىزدىدۇ ، ماتېماتىكا كىتابىغا پۇل سورىغىنىمدا ئۇنىڭ ئالتە پېسو ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپلا : «ئال-تە پېسو ! مەن تۆت لىتىر ياغ ساتسام ، ئاندىن ئالتە پېسو تاپالايمەن ! » دەپ قانچىلىك چېچىلدى ؟

— نېمە ئويلىغىنىڭنى تېخى ماڭا دېمىدىڭغۇ ؟

— بۇ مۇنداق گەپ ئىدى ، بىراق گېپىمنى چۈشىنىپ بىر نېمە دەڭ ، چۈشەنمەي تۇرۇپ «ياق» دېمەڭ ، سىز ماڭا بىر پېسو بېرىپ تۇرسىڭىز ، مەن تونۇش نەشرىياتنىڭ بىرىگە بېرىپ ، يىگىرمە سىنتاۋوس[1] قا بەش كىتاب سېتىۋا-لىمەن ، ئۇلار ماڭا ئەڭ تۆۋەن باھادا ، سېتىپ بېرىدۇ ، مەن چوڭ يازغۇچىلارنىڭ كىتابلىرىنى ئالىمەن ، ئاندىن ئۇ كى-تابلارنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ساتىمەن ...

ئانىسى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— ياق ، ياق ...

— گېپىمنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ياق دېمەڭ ! — بالا تاقەتسىزلىنىپ ۋارقىرىۋەتتى .

— سەن بازارمۇبازار كىتاب ساتىمەن ، دەپ تووۋلاپ

[1] سىنتاۋوس — لاتىن ئامېرىكىنىڭ مىس پۇلى ، پېسونىڭ يۈزدىن بىرىگە تەڭ .

يۈرەمسەن ؟

— ياق ، ئانا !

— ئۈرۈق - تۇغقان ، تونۇش - بىلىشلەر كۆرۈپ قالسا نېمىدېگەن سەتچىلىك !

— ئۇنداق ئەمەس ، ئانا ، سىز دېگەندەك توۋلاپ يۈرمەيمەن . كىتابنى قولتۇقۇمغا قىستۇرۇۋېلىپ ، ئاستا مېڭىپ يۈرۈپ ساتىمەن . توۋلايدىغان گەپ يوق . قەھۋەخانىلارغا بېرىپ ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلارغا «كىتاب ئالامسىز ؟» دەيمەن . ئانا ، ماقۇل دەڭا ! ماقۇل دەڭا ! ماڭا بىر پېسو بېرىپ تۇرۇڭ ، تاپقان پايدامغا يەنە كىتاب ئېلىپ ساتىمەن ، ئەتە - ئۆگۈن ، ئىش قىلىپ لۇغەتكە تۇشلۇق پۇل تاپقىچىلىك ...

ئانىسى يەنە رەت قىلماقچى بولۇپ دېدى :

— شۇنىسى ، بۇ بەكمۇ نومۇس ئىش ...

— دادا ، دادا دەۋرىش تېخىمۇ نومۇس ئىكەن . سىز مېنى نومۇسنى بىلمەيدۇ ، دەپ ئويلامسىز ؟ مەنمۇ نومۇسنى بىلىمەن ! ئەمما ، ئاغزىمدىن چىقارمايمەن ، مېنىڭچە ، شۇ ياخشى ، بەزىدە دادام ماڭا قايناپ : «بەتخەج ! كىتاب ، كىتاب دەۋرىپ مېنى ۋەيران قىلاي دەمسەن ! » دېگەن چاغلاردا ، «ئەمىسە بوپتۇ ، مەكتەپتە ئوقۇماي» دەۋەتكىلى تاسلا قالىمەن .

— ياق ، ياق ، ئۇنداق قىلما ، ئۇنداق قىلما !

— ئەمىسە ماڭا بىر پېسو بېرىپ تۇرۇڭ . قاراپ تۇرۇڭ ، بىر ھەپتىگە قالماي لۇغەتنىڭ پۇلىنى تاپمايدىغان بولسام .

* * *

2 توللىئو قولتۇقىغا بەش كىتابنى قىستۇرۇپ نەشرىيات-
تىن چىقتى. بۇلار ئاتاقلىق يازغۇچىلارنىڭ مەشھۇر كىتاب-
لىرى ئىدى.

بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئوقۇپ بولغان، ئوقۇغاندىمۇ
شۇنداق بېرىلىپ ئوقۇغان كىتابلار ئىدى. بەشلىسىلا بازد-
رى ئىتتىك كىتابلار بولغاچقا، ئۇ تولۇق ئىشەنچ بىلەن
بازارغا ئاتلاندى. ئۇ كىتاب سېتىش بۇياقتا تۇرسۇن، گې-
زىتمۇ سېتىپ باققان بالا ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ
ئۆزىچە رېستورانلارغا بېرىپ ساتسام ھېچقانداق قورقۇنچلۇق
بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتى، ساتىدىغان كىتابلىرىنىڭ ياخشى-
لىقى ئۇنى شۇنداق ئويغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇ بۇ كىتابلارنى
زېرىكمەي 45 مىنۇت تاللىدى، نەشرىيات خوجايىنى ئۇنىڭغا
تونۇش بولغاچقا، بۇ كىتابلارنى ئەرزان باھادا، يەنى 20
سىنتاۋوسقا سېتىپ بەردى، دېمەك، بىر كىتاب تۆت سىنى-
تاۋوسقا كەلدى، ئۇنىڭ ھېسابىچە، ھەربىرىنى يىگىرمە
سىنتاۋوستىن ساتسا، كەچ كىرگىچە سەكسەن سىنتاۋوس
پايدا تاپقىلى بولاتتى. بەش سىنتاۋوسنى قەرزگە بېرىۋەت-
سە، قالغان پۇلغا يەنە كىتاب سېتىۋالاتتى ... ئۇ ئىچىدە
ئاشۇنداق چوت سوقۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ پىلانىچە ئۈچ
كۈندىلا لۇغەتكە يەتكۈدەك پۇل تاپالايتتى. ئۇ، دادىسىنىڭ
ياردىمىنى ئالماي، پۇلنىڭ غېمىنى ئۆزى قىلغانلىقىدىن
خۇشال بولۇپ، تېرىسىگە سىغمايتتى.

توللىئو ۋىكتور كوچىسىغا يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ سو-
دىسى مانا مۇشۇ كوچىدىن باشلىناتتى. ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ،
قولىدىكى كىتابلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئەتراپقا بىر قېتىم
قارىۋالدى ... يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سۈت دۇكىنىنىڭ

ئۇستىلىدە ئىككى شوپۇر قەھۋە ئىچىپ ئولتۇراتتى . توللىد-
ئو ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— كىتاب ئالامسىلەر ؟ بىرى 20 سىنتاۋوس ، ئەڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ ...

— ئالمايمىز ! — شوپۇرنىڭ بىرى قوپال جاۋاب بې-
رىپ ، يەنە ئۆزىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى .

توللىئو بۇنداق قوپاللىققا ئادەتلەنمىگەن بالا ئىدى . كوچىدا يۈرۈپ كىتاب سېتىش ئۇنىڭغا يېڭى كەسىپ بول-
غاچقا ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش كىتابپۇرۇشنى بۇن-
چىۋالا كەمسىتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى . ئۇ تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى . يەنە بىر شوپۇر :

— ئالمايمىز دېگەننى ئاڭلىمىدىڭمۇ ؟ ھاڭۋاقتىلىق قىلىپ يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن ؟ ماڭ ، كەت ! — دەپ ۋارقىرىدى .

ئۇنىڭ «سەن» دېيىشى ، ئاۋازىدىكى ھاكاۋۇرلۇق ، مۇئامىلىسىدىكى توڭلۇق كىشىنى شۇنچىلىك سەسكەندۈرەت-
تى . تەربىيە كۆرمىگەن بۇ ئادەملەرنى ئۇنىڭ تىللىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى . بىراق ، ئۇ ھازىر ئوقۇغۇچى ئەمەس ، سەي-
يارە كىتابپۇرۇش ئىدى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىتاب سېتىش گۇۋاھنامىسى يوق ئىدى . ئۇ مۇشۇنى ئويلاپ ، ئۆزۈمگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالماي ، دېگەن يەرگە كەلدى .

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ يولىنى داۋام قىلدى ، ئەپسۇس-
كى ، ئۇنىڭ بىرنەچچە مىنۇت بۇرۇنقى ھېلىقى ئىشەنچىلى-
رىدىن ھېچنېمە قالمىغانىدى . خېرىدار بىلەن بولغان تۇنجى ئۇچرىشىش ئۇنىڭدىكى غەيرەتنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئۇ-
جۇقتۇرۇۋەتكەنىدى . مانا ئەمدى ئۇ قەھۋەخانىدىكى ئۇستەل-

لەرنىڭ ئالدىغا قورۇنۇپ بارىدىغان بولۇپ قالدى . بەزىدە بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلماي ، قولىدىكى كىتابلارنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ كىتابلىرى ئىكەنلىكىنى خېرىدارلارنىڭ ئۆزى كۆرۈۋالسۇن ، دېگەندەك قىلىپ كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . بىراق ، ئۇ يەنىلا بايىقىدەك : «ئالمايمىز !» دېگەن جاۋابنى ئاڭلايتتى .

بەزىدە بۇ گەپنىڭ ئورنىغا ئىتتىك باش چايقاشلار ، يىرگىنىپ قاپاق تۈرۈشلەر ياكى مەنسىتمىگەندەك ئىغىز پۈرۈشلەر ئالمىشاتتى . بۇنداق چاغلاردا توللىئو ئۇ يەردىن دەررۇ كېتىپ قالاتتى .

— بۇ كىتابلارنى يىگىرمە سىنتاۋوستىن ئالىدىغانلار بارمۇ ؟

— لازىم ئەمەس !

مەيلى قايسى ئۇستەلگە بارسۇن ، ئەھۋال ھەممىسىدىلا ئوخشاش ئىدى . تاماكا چېكىشىپ پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغانلارنىڭ جىمىسى قەھۋە ئىچىشىپ ياكى گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى ، بىرىنىڭمۇ ئالدىدا كىتاب كۆرۈنمەيتتى . يالغۇز ئولتۇرغانلار گېزىت كۆرۈپ ، جۈپ ئولتۇرغانلار قىزغىن پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى .

— 20 سىنتاۋوس ...

رەت قىلغان ئاۋاز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى : بىرى كىتابقا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي ، «لازىم ئەمەس» دېدى .

— قولۇڭدىكى قانداق كىتابلار ؟ — تۆت ھەمراھى بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان بىر ياش سوراپ قالدى .

— ئەڭ ياخشى ئەسەرلەر ، قاراڭ ، لېۋ تولستوينىڭ ،

ئاناتول فرانسنىڭ ، رومېن روللاندنىڭ ...

— سەرگەردانلار توغرىسىدىكى رومانلار بارمۇ - يوق ؟ باشقىسىنىڭ ماڭا كېرىكى يوق .

توللىئو ئۇ ئۇستەلدىن ئاستا نېرى كېتىپ ، خورلىنىۋاتقان مېلىنى داۋاملىق بازارغا سېلىۋەردى . ئۇ بۇ قەھۋەخانىدىن ئۇ قەھۋەخانىغا ، بۇ ئۇستەلدىن ئۇ ئۇستەلگە باراتتى .

ئۇ ، شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىگە بارغاندا يەنە كەينىگە ياندى . ئەمدى ئۇ ، كىتابلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشتىن باشقا بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى . باشقىلارنىڭ بۇ كىتابلارنى سېتىۋېلىشىدىنمۇ ئۈمىدى ئۈزۈلگەنىدى . شۇڭا ، بىرى ئۇنىڭ كىتابىنى سورىغاندا ، ئۇ ھەيران قالغاندەك تۇرۇپلا قالدى .

— كىتابىڭ بەك كونا ئىكەن ، — دېدى ھېلىقى ئادەم رومېن روللاندنىڭ كىتابىنى قولىغا ئېلىپ ، — ئون سىنتاۋۇسقا بەرسەڭ ئېلىپ قوياي .

توللىئو قوشۇلدى . شۇنداق قىلىپ ئۇ مىڭ تەسلىكتە ئالتە سىنتاۋۇس پايدا تاپتى ، ئۇ پۇلنى يانچۇقىغا جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سودىسىنى يەنە داۋاملاشتۇردى :

— بىر كىتاب 20 سىنتاۋۇس ، ئالامسىز ؟

— ياق .

ئۇ ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ بۇگۈنكى سودىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى ، بىرلا كىتابنى ساتالىدى . يەنە كېلىپ ئۇ كىتابى ئون سىنتاۋۇسقىلا يارىدى ...

ئۇنى چارچىدى دېسەك ، ئۇنى چارچاتقان نەرسە ئۈمىد-

سىزلىنىڭ ئىدى . ئۇ قايتىپ كېتىپ ، ئىككىنچى چىقماسلىققا
قەسەم قىلىۋاتاتتى ، بىردىنلا كۆزى كوچىدىكى كىتاب بوتـ
كىسىغا چۈشۈپ قالدى ، ئۇ ، بايامقى مەغلۇبىيەتلىرىنىڭ
سەۋەبىگە مانا ئەمدى چۈشەندى : ئەسلىدە ئۇ كىتاب ساتىدىـ
غان يەرنى خاتا تاللاپ قويغانىكەن . ئۇ 20 سىنتاۋۇسقا
ساتماقچى بولۇپ يۈرگەن كىتابلىرى باشقا كىتابپۇرۇشلاردا
ئون ياكى بەش سىنتاۋۇستىن سېتىلىدىكەن . ئۇ مەركىزىي
كوچىنى ئەمەس ، شەھەر چېتىنى تاللىغان بولسا بوپتىكەن ،
بۇ بايقاش ئۇنىڭ روھىنى يەنە كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭدا ئۈمىد
پەيدا قىلدى . ئۇ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولماپتۇ . ئەتە بوك ياكى
بود كوچىلىرىغا بېرىپ ساتسام ، بەلكىم ...

ئۇنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈلىشىپ ، قەدەملىرى باشقىـ
دىنلا تېتىكلەشتى .

ئۇ بىر قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا چاي ئىچىپ تۇرـ
غان ياش بىر ئايالنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، ئۇنىڭغا
قانداقلارچە كىتابلىرىنى كۆرسىتىپ قويغانلىقىنى ئۆزىمۇ
بىلمەي قالدى :

— كىتاب ئالامسىز ؟ بىرى ئون سىنتاۋۇس ، باشقا
يەرلەردە 20 سىنتاۋۇستىن سېتىلىشىدۇ .

ئۇ ئايال ئالمايمەن ، دېمىدى ، توللىئونىڭ كۈتىدىغىـ
نىمۇ شۇ ئىدى . ئۇ ئايال كىتابتىن بىرنى قولىغا ئالدى .

— بۇ لېف تولستوينىڭ «خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن
مەشھۇر ئەسىرى ، — توللىئونىڭ ئاغزى ئېچىلىپ سايراپلا
كەتتى ، — بۇ «كېللانبېر» دېگەن كىتاب ، بىر كۆكتاتچى
ھەققىدە سۆزلەيدۇ ، بۇنى ئاناتول فرانس يازغان ، ياخشى
كىتاب بۇ ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر لافېر بائېررىتىنىڭ ماقالىـ

سى . بۇ گوللاندىيىلىك كاتتا شائىر گىخلاكېنكىلونىڭ داڭ-
لىق شېئىرلىرى . كۆرۈپ بېقىڭ ، ھەممىسى 40 سىنتا-
ۋوس ...
— مەندە بىر كىتاب بار ، شۇنىڭغا تېگىشەمسىز ؟
— ئېلىپ چىقىڭ ، كۆرۈپ باقاي .
— لۇغەت ئىدى .
— لۇغەت ؟ — توللىئو ھەيران بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى .
ئۇ ئايال ئۆيگە كىرىپ لۇغەتنى ئېلىپ چىقتى . بۇ
قېلىن ھەم ئېغىر بىر كونا لۇغەت ئىدى . توللىئونىڭ
يۈرىكى ئىختىيارسىز ئويناپ كەتتى ، قولىدىكى كىتابلارنى
ئۇنىڭغا تېگىشسە ، ئەلۋەتتە ، ئۇ زىيان تارتمايتتى . ئۇ تېگىد-
شىش قارارىغا كېلىپ بولۇپمۇ يەنە :
— بەتلىرى تولۇقمۇ ؟ — دەپ سوراپ قويدى .
— تولۇق . بۇنى مەن دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان
چېغىمدا ئىشلەتكەن . ئەمدى ئۇنىڭ كېرىكىمۇ يوق . شۇڭا ،
كىتابىڭىزغا تېگىشىۋېتەي دەۋاتىمەن ، ئۆيدە تۇرسىمۇ بىكار
تۇرىدىكەن . سىزگە ئۇزۇپ ئېيتالايمەن ، بۇ لۇغەت 40
سىنتاۋوستىن كۆپ پۇلغا يارايدۇ .
— تېگىشىمەن ، تېگىشەي ! — توللىئو لۇغەتنى ئې-
لىپ ، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي يولغا چۈشتى .
ئۇ كېتىۋېتىپ ئىككىنچى كىتاب ساتمايدىغان بولدى . ئۇ
ئۆزىنى تەلەيلىك كۆردى . ئۇ ئايالغا يولۇقۇپ قېلىپ ، لۇ-
غەتنىڭ بىكارنىڭ ئورنىدا قولغا كېلىشى ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى
بۇ كوچىغا پەرىشتە ئېلىپ كېلىپ ، ئۇ ئايال بىلەن ئۇچراش-
تۇرغاندەك بىلىندى ... ئۇ خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرال-
ماي ، مارش كۈيىنى ئېيتىپ ماڭدى .

ھېكايىمىز تېخى تۈگىگىنى يوق . توللىئونى قويۇپ تۇرۇپ ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆيىدە چىققان ماجىراغا كېلەيلى . بۇ ئۆينى ئەمدى ئۈمىدسىزلىك ، جېدەل ـ ماجىرا قاپلىغاندى .

ئايالنىڭ ئېرى قايتىپ كېلىپ ، لۇغەت كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ، ئايالدىن :

— لۇغەت قېنى ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇ ئۆيدە بىكارمۇ تۇرىدۇ . شۇڭا ، كىتاب ساتىدىغان بىر بالا كەپتىكەن ، ئۇنىڭ مۇنۇ كىتابلىرىغا تېگىشىۋەتتىم .

ئەر بېشىنى چاڭگاللىغان پېتى قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى :

— ۋاي ئەخمەق ! ۋاي شورى قۇرىغۇر ! نېمە قىلىپ قويغانلىقىڭنى بىلەمسەن ؟ لۇغەتنىڭ ئىچىدە 150 پېسو بار ئىدى . ئۇ پۇلنى مەن بۈگۈن ئۆي ئىجارىسىگە تاپشۇرماقچى ئىدىم .

ئەر توختىماي ۋارقىرايتتى ، تىللايتتى ، ئايال يىغلايتتى ، چۈشەندۈرەتتى ، ئېرىنىڭ كەچۈرۈشىنى تىلەيتتى . ئەر ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ، ئەسەبىيلەرچە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ ئۆزىنىڭ شور پېشانىلىكىدىن قاقشايتتى ، جىمى جاھاننى قارغايتتى . دەل شۇ جېدەلنىڭ ئۈستىگە ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭشىپ قالدى .

ئايال دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ چۆچۈپ كەتتى ۋە :

— ھېلىقى بالا ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ ! — دەپ تۇۋلىۋەتتى .



ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى تالاغا قاراپ يۈگۈردى ، توللى ـ
ئو كۆلۈپ تۇرۇپ 150 پېسونى ئايالغا سۇندى .
— خانىم ، قانچىلىك قورقتۇم ، بىلەمسىز ؟ كېتىۋې ـ
تىپ لۇغەتنى ۋاراقلىغانىدىم ، ئىچىدىن بۇ پۇل چىقتى .

مەن سىزنىڭ لۇغەتنى بۇنچىۋالا پۇل بىلەن قوشۇپ بەرمەي-دىغانلىقىڭىزنى ئويلىدىم.
ئايال بالىغا رەھمەت ئېيتىپ كەتتى.
— رەھمەت، رەھمەت! سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھ-مەت! بۇ ئۆي ئىجارىسىگە بېرىلىدىغان پۇل ئىدى. ئېرىم بۇنى لۇغەتنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويغانىكەن، بۇنىڭدىن مې-نىڭ خەۋىرىم يوق...
ئەر ئەمدىلەتىن ئېسىگە كېلىپ، ئىككى ئېغىز رەھمە-تىنى ئېيتماقچى بولۇپ تۇراتتى، توللىئو خوشلىشىپ ماڭ-ماقچى بولدى.
— يىگىت، توختاپ تۇرۇڭ! ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى ئەر.
— توللىئو باللىگو.
— ئۆيىڭىز نەدە؟
— ئۆيۈمنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟
— ئۆيىڭىزگە بېرىپ، قىلغان بۇ ياخشى ئىشىڭىزنى دادىڭىزغا ئېيتماقچىمەن، ئۇ چوقۇم سىزنى تەبرىكلەيدۇ، سىز ۋىجدانلىق بالا ئىكەنسىز...
— مېنىڭ بۇ ئىشىمنى بېرىپ دادامغا ئېيتىمەن دەم-سىز؟ بولمايدۇ، — توللىئو ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ئەگەر دادام 150 پېسونى سىزگە قايتۇرۇپ بەرگەنلى-كىمنى ئۇقىدىغان بولسا، مېنى ئۆلگىچە دۇمبالايدۇ، — بالا شۇنداق دېدى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى ئىچىڭىزدە پىششىق ئوقۇپ ، مەزمۇنىنى ئىگىلىۋېلىڭ ، ئاندىن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ :

1 ) توللىئوغا دادىسىدىن پۇل سوراش نېمە ئۈچۈن شۇنچە زۆرۈر بولۇپ قالدى ؟ دادىسى قانداق مۇئامىلىدە بولدى ؟

2 ) توللىئو قانداق ئامال تاپتى ؟ دەسلەپتە قانداق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلدى ؟

3 ) توللىئو قانداق قىلىپ لۇغەتكە ئېرىشتى ؟

4 ) توللىئو لۇغەتنىڭ ئىچىدىكى پۇلنى قايتۇرۇپ بەر- گەندە نېمە دېدى ؟ بۇ ئۇنىڭ قانداق خىسلىتىنى بىلدۈرىدۇ ؟

2 . توللىئونىڭ دادىسى ، شوپۇرلار ، قەھۋە ۋە هاراق ئىچىپ ئولتۇرغان ئادەملەر كىتابقا نىسبەتەن قانداق مۇئا- مىلىدە بولۇشتى ؟ تېكىستتىن ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىنى ئى- پادىلەيدىغان جۈملىلەرنى تېپىپ ئاستىغا سىزىڭ ، ئاندىن كۆچۈرۈپ يېزىڭ .

3 . تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ ، جۈملىلەرنى تولۇقلاڭ .

1 ) ئۇنىڭ ... يېغىپ تۇرغان كۆك كۆزلىرىدە ... چاقناپ تۇراتتى .

2 ) سىز ماڭا بىر پېسو بېرىپ تۇرسىڭىز ، مەن تو- نۇش ... بىرىگە بېرىپ ، 20 سىنتاۋوسقا بەش ... سېتىۋالىمەن . ئۇلار ماڭا ... باھادا سېتىپ بېرىدۇ ، مەن ... كىتابلىرىنى ئالىمەن ، ئاندىن ئۇ كىتابلارنى ... ئېلىپ

چىقىپ ساتىمەن .

3 ) بەزىدە بۇ گەپنىڭ ئورنىغا ... يىرگىنىپ ... ياكى مەنسىتمىگەندەك ... ئالمىشاتتى . بۇنداق چاغلاردا توللىئو ئۇ يەردىن ... كېتىپ قالاتتى .

4 ) ئۇ ئۆزىنى ... كۆردى ، ئۇ ئايالغا يولۇقۇپ قې- لىپ ، لۇغەتنىڭ ... ئورنىدا قولغا كېلىشى ئۇنىڭغا ئۆزىنى بۇ كوچىغا ... ئېلىپ كېلىپ ، ئۇ ئايال بىلەن ئۇچراشتۇر- غاندەك بىلىندى ، ئۇ ... ئىچىگە سىغدۇرالماي ، مارش كۇ- يىنى ئېيتىپ ماڭدى .

4 . تېكىستنى «مەندە بىر كىتاب بار ، شۇنىڭغا تېگى- شەمسىز ؟ »... دېگەن يەردىن ئاخىرىغىچە ھېسسىيات بىلەن ئۇنلۇك ئوقۇڭ ۋە مەزمۇنىنى قايتا بايان قىلىپ بېرىڭ .

5 . تولليئونىڭ لۇغەتنىڭ ئىگىلىرىگە دادىسى توغرۇ- لۇق قىلغان سۆزىنى ئوقۇپ قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز ؟

# سەككىزىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈزىتىپ كۆچۈرۈڭ .

1 ) بۈگۈن كەچتىكى كۆڭۈل ئېچىشقا مۇئەللىم ، سا-ۋاقداشلار قاتارلىق 43 كىشى يىغىنغا قاتناشتى .

2 ) ئالىم بىلەن مۇرات ئۆز ئۆيلىرىدە بىرلىكتە مۇزا-كىرە قىلىدىغان بولۇپ كېلىشىشتى .

3 ) ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزىدىغان ئادەملەر ، خاپىلىقنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي ، ئىچى تىتىلدايدۇ .

4 ) دەرسكە كۈندە كېچىكىپ قېلىۋېرىپ ، ئوقۇتقۇچى ۋە بالىلار ئالدىدا يۈزۈم ئەجەب تاتىرىپ كەتتى .

2 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ، ئۇنىڭدى-كى جۈملىلەرنى راۋان ۋە ئىخچاملاشتۇرۇڭ ، تۈزىتىشكە تېگىشلىك جايلىرىنى تېپىپ ، تۈزىتىپ يېزىڭ .

بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ يېنىدىكى ئۆيىمىزدە دادام ، ئاپام ۋە مەندىن ئىبارەت ئۈچ ئادەم بار . بىز ئۆيدە ناھايىتى دوستانە ئۆتىمىز . بىرنەچچە كۈننىڭ كەينىدە ، دادام بىلەن ئاپام تېلېۋىزور سېتىۋالساق دەپ پاراڭلاشقانىدى ، مەن ئالدى-راپ- تېنەپ كەمپۈت ئېلىپ يېگىن دەپ بەرگەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا بەردىم ۋە : «دادا ، چوقۇم ئېلىڭ !» دېدىم . دادام خۇش بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى . نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇلار دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن رەڭلىك تېلېۋىزوردىن بىرنى سېتىۋالدى . مەن تېلېۋىزورنىڭ بې-

شىنى سىلاپ تۇرۇپ، كۆڭلۈمدە ئېيتقۇسىز قىزغىنلىق پەيدا بولدى.

3. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭ ۋە رېتى قالايمىقان ئابزاسلارنى رەتلەپ كۆچۈرۈڭ، مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

بىر كۈنى بوۋىسى ئەركىننى ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەشكە بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئويۇنغا بېرىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھامما ئاچىسىغا يىپ ئىگىرگەچ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، بىر يەرگە كېتىپ قالىدۇ.

چۈشكە قالماي ئۇ تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولىدۇ، لېكىن بوۋىسى قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ سەل چارچىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئەركىن ئۆيدىن چىقىپ ھامما ئاچىسىنىڭ يېنىغا بارىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاچ، بوۋىسىنى ساقلايدۇ.

ئەركىن ئارقا ھويلىدىكى بىر ئۆيدە ئەستايىدىل دەرس تەييارلايدۇ. بۇ دەل باھار پەيتى بولۇپ، ھويلىدىكى سىرىنگۈل چېچەكلىگەندى، قۇشقاچلار ۋىچىرلىشاتتى، لېكىن ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆگىنىش قىلىۋاتقاچقا، ئەتراپىدا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك ئۇلارغا قاراپمۇ قويمايتتى.

ئەركىن ناھايىتى كىچىك چېغىدىلا يېتىم قېلىپ، بوۋىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولىدۇ. بوۋىسىنىڭ ئۇنى باشقۇرۇشى قاتتىق بولۇپ، ئۇ 3—4 ياشقا كىرگەندىن تارتىپ ساۋات چىقىرىشقا كىرىشىدۇ. يەتتە يېشىدا مەكتەپكە كىرىدۇ، ئۆگىنىش نەتىجىسى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىسى دائىم ئۇنى: «ۋاقىتنى ئالتۇندەك قەدىرلەيدىغان بالا» دەپ ماختايدۇ. ۋاقىتنى قەدىرلەش، ئۇنىڭ ئۆگىنىشتە ياخشى بولالىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى.

4. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئائىلىڭىزدىكى كىشىلەرنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى رەتلىك ۋە باش -

ئاخىرى ماسلاشقان هالدا ئېيتىپ بېرىڭ . كىشىلەرنىڭ چىر-
-راي - شەكلى ، قىياپىتى ، يۈرۈش- تۇرۇشىدىكى ئالاھىدى-
لىكلەرنى چىڭ تۇتۇپ تەسۋىرلەشكە دىققەت قىلىڭ . ئەگەر
ئائىلىڭىزدە ئادەم سانى كۆپ بولسا ، ئاساسلىق بىرنەچچە
ئادەمنى تەسۋىرلەڭ ، ئاخىرىدا چىرايلىق قىلىپ يېزىڭ .
5 . تۆۋەندىكى «تۆت بۇرادەرنىڭ سۆھبىتى» نى ئوقۇپ
چۈشىنىۋېلىڭ .

## تۆت بۇرادەرنىڭ سۆھبىتى

بىر كۈنى كەچتە ، چېكىت ، پەش ، سوئال ، ئۈندەش قاتارلىق تۆت بۇرادەر ئۆز رولى ھەققىدە قىزغىن بەس - مۇنازىرە قىپتۇ ، بۇ مۇنازىرىدە بىرىنچى بولۇپ ئۈندەشجان سۆز ئېلىپ :

— ئاڭلاڭلار ، ھەي بۇرادەرلەر ، خالايىق ! مەنسىز ھېچقانداق ئەسەر ئۆزىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ . مەن پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياجانغا تولغانمەن ، شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنى چوڭ-قۇر تەسىرلەندۈرەلەيمەن ، ئۇلاردا كۈچلۈك مۇھەببەت ، غەزەپ - نەپرەت قوزغىيالايمەن ؛ ئەگەر مەن بولمىسام ، ھەر كىم ئوقۇغان ئەسەرلىرىدىن ھېچقانداق ھۇزۇر ئالالمايدۇ ؛ بەدىئىي ئەسەرلەر بىلەن باشقا ئەسەرلەرنىڭ پەرقىنىمۇ ئاجرىتىۋالالمايدۇ . شۇڭا ، مېنىڭ بو-يۇم ھەممىڭلاردىن ئېگىز ۋە ئۆزۈممۇ قاۋۇل ، — دەپتۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا .

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان چۆچۈرە قۇلاقنىڭ قېنى قىزىپ ھەم ئوتتۇرى-غا سەكرەپ چىقىپ :

— نېمە دەيسىز ؟ ئەسەردە ئەگەر مەن بولمىسام ، قىزىق ، چى-گىش سوئال قويمىسام ، ئوقۇرمەنلەر قانداق قىلىپ چوڭقۇر ئويغا پاتسۇن ؟ ! قانداق قىلىپ ھېكمەت مېغىزىنى چاقسۇن ؟ ! ھەرقانداق كىشى ئەسەر ئوقۇغاندا ، چوقۇم «نېمە ئۈچۈن ؟» دېگەننى ئويلايدۇ .

شۇڭا ، بۈگۈنكى پەننىڭ تەرەققىياتى پەقەت مەن ئارقىلىقلا مەيدانغا كەلگەن ، — دەپتۇ .

ئېھتىمال ، سوئالنىڭ سۆزى پەشكە ياقمىغان چېغى ، شۇڭا ئۇ ئۆپكىسى سەل ئۆرۈلگەندەك بولۇپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپتۇ :

— ئاغىنىلەر ! سىلەردە ئىنساپ بارمۇ ؟ ئەجەبا ، ئىككىڭلار ئۆزۈڭلارنىلا ماختاپ ، مېنىڭ تۆھپەمنى يوققا چىقارماقچىمۇ سىلەر ؟ ھەممىڭلار قارىغاندا ئەسەرنىڭ ماڭا كۆپرەك ئېھتىياجى چۈشىدىغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ ؟ ئەگەر مەن ھەربىر دوقمۇشتا بېكەت قۇرمىسام ، سۆز بىلەن سۆزنى ئايرىپ تۇرمىسام ، ئەسەر لەخمەندەك ئۇزىراپ كەتمەمدۇ ؟ ئوقۇرمەنلەر ئوقۇپ چارچاپ كەتمەمدۇ ؟ ھەتتا خاتا ئۇقۇم پەيدا بولۇپ ، ئۆلۈم ئىشىمۇ كېلىپ چىقمامدۇ ؟ نېمىشقا بۇنى نەزەرگە ئالمايسىلەر ؟ — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ .

سورۇن ئەھلى غۇلغۇلا قىلىپ ، چۇقان كۆتۈرۈشۈپتۇ . دەل شۇ چاغدا چېكىتنىڭ قېنى ئۆرلەپ ، پەيلىنى بۇزۇپ سۆز باشلاپتۇ :

— ئەتىگەندىن بېرى تىنچ ئولتۇرسام ، ھەممىڭلار سۆزلىدىڭلار . مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدىڭلار . مەن يا مۇساپىر ، يا يېتىم ئەمەسقۇ . ھەممىڭلارنىڭ دېگىنى بىمەنە قۇرۇق گەپ ، مەن بولمىسام ھېچقايسىڭلار كارغا كەلمەيسىلەر ، ئەگەر كىمدە كىم مېنى ئۆز ئەسىرىگە قوشمىسا ، تۈگىمەس سەپەرگە راۋان بولىدۇ . ئۇ چاغدا سىلەرمۇ تىنماي مېڭىپ ، نىشانغا يېتەلمەي ئۆلۈپ قالىسىلەر ، شۇڭلاشقا مېنى چېكىت ، دەيدۇ .

سورۇن بۇزۇلدى ، بۇرادەرلەر بىر - بىرىگە قېپىداپ ، ھەر تەرەپكە قىيسايدى . دەل مۇشۇ چاغدا گىراماتىكا بوۋاي قەددىنى رۇسلاپ يېتىپ كەلدى ، ئۇ تۆت دوستىغا نەسىھەت قىلدى :

— دوستلار ، ھەممىڭلار تەڭ كۈچكە ئىگىسىلەر ، سىلەرسىز كىتاب ، ئەسەر ، ماقالە ··· پۈتمەيدۇ . خەلق ئىچىدە : «ئىش ئۆملۈكتە ، كۈچ بىرلىكتە» دېگەن ماقال بار . شۇڭا ، سىلەردە كۈچ ۋە دىل بىرلىكى بولۇشى كېرەك . شۇ چاغدىلا ھەممە ئىشتا ئۇتۇق قازىنالايسىلەر .

گراماتىكا بوۋاينىڭ گېپى ھەممەيلەنگە مايدەك ياقتى ، ھەممە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى . دىلى يايراپ ، شادلىققا چۆمدى ، ئۇلار بىرلىكتە :

— قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ئۆم بولۇپ ، ئۆز مەجبۇرىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىپ ، ئۆز خىزمىتىمىزدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا تىرىشايلى ، دېيىشتى .

# سۆزلەرگە ئىزاھات

ئا

ئاياز — قەھرىتان قىش پەسلى ، قىش .

م : ئاقتى ئەگىز ، كەلدى كۆكلەم كەتتى ئاياز ،
تۇرنىلارمۇ توي تارتىشىپ قىلدى پەرۋاز .

ئالاھەزەل — تەخمىنەن ، قىياس قىلىنىشچە ، مۆلچەرلىنىشچە .

م : ئارىدىن ئالاھەزەل ئىككى يىل ئۆتكەندە ئاندىن قولۇمغا تەگدى .

ب

بەجا كەلتۈرمەك — بىرەر ئىشنى ، تاپشۇرۇقنى جايىدا ئورۇندىماق ، ئىجرا قىلماق ، ئەمەلگە ئاشۇرماق ، ئادا قىلماق .

م : بۇ ۋەزىپىلەرنى كىچىكتۈرمەي بەجا كەلتۈرىمەن .

د

دەرمەھەل — قىسقا مۇددەت ئىچىدە ، دەرھال .

م : بىز بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈۋاتقىنىمىز ئۈچۈن

دەرمەھەل گەپ قىلالمىدىم .

دەرگۇمان — گۇمانلىنىپ ، گۇمان ، شۇبھە بىلەن .

م : مەن ئۇنىڭغا تازا ئىشىنەلمەي ، دەرگۇماندا بولۇۋاتىمەن .

## پ

پالۇبا — پاراخوتنىڭ ئۈستىدىكى كەڭ سەينا .

م : ماتروسلار پالۇبىدا ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلىشىۋاتاتتى .

## ج

جىلۋە — ① گۈزەل ، نازاكەتلىك ھەرىكەت . ② رەڭمۇرەڭ تاۋلىنىش ، كۆركەم كۆرۈنۈش .

م : ئۇنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىقنىڭ جىلۋىسى ياندى .

جۇشقۇن — ① جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ، دولقۇنلىغان ، مەۋج ئۇرغان . ② قايناق ، قىزغىن ، كۆتۈرەڭگۇ ، روھلۇق .

## چ

چەۋەنداز — ① ئات مىنىش ، ئات چاپتۇرۇشقا ماھىر ، ئات ئۈستىدە ئويۇن كۆرسىتىش سەنئىتىنى ئىگىلىگەن ئادەم . ② يېتىشكەن ، چاققان ، ماھىر ، ئۇستا .

م : چەۋەنداز يىگىت

## ز

زوق — ① ئېستېتىكىلىق لەززەت بېغىشلايدىغان نەر-سىلەر تەسىرىدىن كىشىدە پەيدا بولىدىغان ياخشى كەيپىيات ، ھوزۇر ، شەۋق ، زوق ئالماق .

م : مەن يېقىملىق مۇزىكىلارنى زوق بىلەن ئاڭلايمەن .

② ئىشتىياق ، ھەۋەس ، قىزىقىش .

م : بۇنىڭغا ئىنتايىن زوقۇم كېلىۋاتىدۇ .

## س

سادا — ① ئاۋۇش ، ئاۋاز ، ئۈن . ② جاۋاب ، ئىنىكاس .

م : ئۇنىڭدىن ھازىرغىچە ھېچقانداق سادا چىقمىدى .

## ق

قەدىر — ① كىشىلەر ئارىسىدا ئېرىشىلگەن ئابرۇي ، شۆھرەت ، ھۆرمەت ؛ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورۇن ، نوپۇز . ② ئەھمىيەت ، قىممەت .

م : ئالتۇن قەدرىنى زەرگەر بىلەر (ماقال)

## ك

كەيىپ — ① روھىي ھالەت ، كەيپىيات ، مىجەز . ② كىشىنىڭ بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىدىن زوقلانغان ،

ھۇزۇرلانغان ، راھەتلەنگەن روھىي ھالىتى ، زوق .
م : سىنىڭ كەيپىڭ نېمانچە سۇس ؟ تاغ ھاۋاسى كىشى-گە ئۆزگىچە بىر خىل كەيىپ ئاتا قىلاتتى .

ھ

ھەققانىي — ئادالەتلىك ، ئادىل .
م : بىز ھەققانىيەت تەرەپدارلىرى .
ھەسەت قىلىش — كۆرەلمەسلىك ، ئىچى تارلىق قى-لىش .
م : ھەسەتخورلۇق بىر خىل يامان ئىللەت .
ھاقارەت قىلىش — تىللاش ، بىھۇدە ئازار بېرىش .
م : ھاقارەتلىك تۇرمۇشتىن ، ساداقەتلىك ئۆلۈم ياخشى (ماقال) .

ئۆ

ئۆم — ئىناق ، ئىتتىپاق ، بىرلىك .
م : ئىش ئۆملۈكتە ، كۈچ بىرلىكتە (ماقال)

ئۇ

ئۇيۇلتاش — مۇستەھكەم ، ئىتتىپاق .
م : ئۇلار ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلاشقان .

## ئۆ

ئۆستەك — بىرەر نەرسىنىڭ باھاسى چىقمىغاندا ئۆس-تىگە قوشۇپ بېرىلىدىغان پۇل ياكى نەرسە .

## ۋ

ۋولقان — يەر ئاستى جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى تۇپەيلىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان ئوت ، ئېرىگەن مەدەنلەر .